# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

'99 10

## دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەيمىز



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى



◄ 2 ـ سىنتەبىر مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومى-
تېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايو-
نىمىزغا كېلىپ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قا-
نۇنى» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

************************

▼ 13 ـ سىنتەبىر ئاپتونوم رايون خەلق سارىيىدا
سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائى-
مىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى داغدۇغى-
لىق خاتىرىلىدى. مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەت-
چىلىك قىلدى. ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىن-
دا سۆز قىلدى.



# سۈرەتلىك خەۋەر



◄ 15 ـ سىنتەبىردىن 23 ـ سىنتەبىرگىچە مەملىكەتلىك
خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۇ جيالۇ باشچىلى-
قىدىكى مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى «مەجبۇرىي مائا-
رىپ قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى 12
كىشى ئاپتونوم رايونىمىزدا «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» نىڭ
ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.





▲ 24 ـ سىنتەبىر ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتې-
تى 4 ـ قېتىملىق قانۇنچىلىق لېكسىيىسى ئۆيۈشتۇردى. خەلق
ھۆكۈمىتىدىكى ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەر ۋە ھەر قايسى ئوبلا-
ستلىق، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى، خ ق خىزمىتى
كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى غەيرىي ئومۇمىي مۇلازىمچىلىك ئى-
گىلىكى ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى لېكسىيىنى چەت-
تىن ئاڭلىدى.

▲ 6 ـ سىنتەبىر ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتې-
تىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە ئىستىل-
لىق قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىنى كۆردى.

ۋاڭ شىنپىڭ خەۋىرى، فوتوسى

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(月刊) (ئايلىق ژۇرنال)

1999 - يىل 10 - سان

(ئومۇمىي 199 - سان) (19 - يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسى نەشر قىلدى

ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەر غولام

باش مۇھەررىر: لەن شۈيى

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: سىراجىدىن ئىسمايىل



**ئوبزور** خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرايلى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرەيلى ------
------------------------------- ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

**باش خەۋەر** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20
يىللىقى داغدۇغىلىق خاتىرىلەندى ------------------------------ (4)

**رەھبەرلەرنىڭ سۆزى** سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىسلاھات،
ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلايلى -------
------------------------------- ۋاڭ لېچۈەن (5)

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تېخىمۇ
ياخشى ئىشلەيمىز ------------------- ئابلەت ئابدۇرېشىت (13)

يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى ------------------- ھامىدىن نىياز (16)

**بەرلىك تىزىم** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نى يولغا قويۇش
چارىسى -------------------------------(24)

**يىغىندىن مەخسۇس خەۋەر** خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى
ئىلگىرى سۈرەيلى ------------------- لى فېڭزى (35)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش خىزمىتى ۋە بۇ ژۇرنالنىڭ قازاقچىسىنىڭ
رەسمىي تارقىتىلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ------------- زاقان ئۇمار (40)

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ
ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تېكىستى: ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ ناشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك
سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN 65 ـ 1033 / D-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830002
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىرق شىمالى يولى 10 ـ قورۇ
تېلېفون 2822065 ئارقىلىق 63109

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش ۋە بۇ ژۇرنالنىڭ قازاقچىسىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ------------------------ جياڭ جۇنلۇن (43)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ------------------------------------------------------ قۇربانجان مەھمەت (45)

مەسئۇلىيەت، راسخوت ۋە پىلان ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنىڭ يېڭى بالداقغا كۆتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى ------------------------------ (46)

ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىپ تەشۋىقاتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى ------------------------------------------------------------ (48)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرەيلى ------------------------------ (51)

مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتى ئەستايىدىل ئىشلىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئوگۈشلۇق ئىلگىرى سۈرۈلدى ------------------------------------------ (54)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» نى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش ۋە قازاقچىسىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى ------------------------------------------ (56)

**خەۋەرلەر** تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى چاقىرغان سۆھبەت يىغىنىدا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى ئاڭلىدى قاتارلىقلار ------------------------------ (59)

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى داغدۇغىلىق خاتىرىلەندى



ئۆز خەۋىرىمىز : ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلىدى. سۆھبەت يىغىنىغا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، جانابىل، قېيۇم باھاۋۇدۇن، جاڭ ۋېنيۈ، جۇشىڭتاۋ، ئەسقەت كېرىمباي، جاڭ يۈنچۈەن، ۋاڭ چۈەنيۇ، ئابدۇرېھىم ھامىد، جاڭ شيۇمىڭ، لى فېڭزى، خەلچەم ئىسلام، مىجىت ناسىر، قادىس جانابىل، خوجىخان ھاكىموۋ، سۇلايمان نىيەتقۇل، ماجيەنگو، ۋاڭ خۈەييۇ، دەلىلقان مامىقان، مەتتىمىن زاكىر، جاڭ جۇ، جاڭ گۈيتىڭ، جاڭ ۋۇ، فاڭ دېيەنرۇڭ ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى رەھبەرلىرىدىن مۇھەممەت روزى، مەھەممەت يۈسۈپ، چېن جېڭچى قاتارلىقلار قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز مۇھىم سۆز قىلدى. سۆھبەت يىغىنىغا يەنە ئۆتكەن بىر قانچە نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكىلەرمۇ قاتناشتى.

# سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ــ قانۇنچىلىق قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلايلى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز (قىسقارتىلمىسى)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن
(1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. 20 يىلدىن بۇيان، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىلمۇيىل ئالغا باستى، نۆۋەتمۇ نۆۋەت تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ 8 - نۆۋەتلىك ۋە 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 14 - ۋە 15 - قۇرۇلتايلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ــ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتىگە مۇلازىمىلىق قىلىش ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، يۈرەكلىك ئىزدىنىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، قانۇن چىقىرىش، نازارەت قىلىش جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىپ، زور نەتىجىگە ئېرىشتى؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ساغلام، ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرۇش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا تۆرتكە بولۇشقا زور تۆھپە قوشتى.

پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا «دۆلەتنى قانۇن
بويىچە ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇپ، قانۇن بىلەن ئىدارە
قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش» كۆرەش
نىشانى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يەنە كېلىپ ئۇ داغ-
دۇغىلىق ھالدا ئاساسىي قانۇنغا يېزىلدى. يەرلىك ھەر
دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى
خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەم-
مەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى را-
ۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەم-
مەللەشتۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىشىغا ئۆزى
خوجا بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە تەشكىللەشنىڭ
1 ـ سېپىدە تۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش
يولىنى تۇتۇپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوت-
سىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش جەھەتتە زور مەسئۇلىيەت ۋە
شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالماقتا. يېڭى تارىخىي
دەۋردە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىشكىلا
بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئاپتونوم رايون-
مىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، دۆلەت
ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ھەر مىللەت
ئاممىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇمىيىتى-
دىن ئىبارەت سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، يېڭى ۋە-
زىيەتتە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى
مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت
ئورگىنىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئىنتا-
يىن مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە
ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە
رولىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ ھوقۇقىغا ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىپ، خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە
كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت تۈپ
سىياسىي تۈزۈمنى ئاڭلىق قوغدىشى كېرەك. خەلق قۇ-
رۇلتىيى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق يول-
داشلار شەرەپ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ
تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى خىز-
مىتى پارتىيىنىڭ باشقا خىزمەتلىرىگە ئوخشاشلا 1 ـ
سەپ خىزمىتى ئىكەنلىكىنى، باشقا تارماقلاردىن خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا كېلىپ ئىشلەش پەقەت
خىزمەت ئورنىدىكى ئۆزگىرىش ئىكەنلىكىنى، خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر ئى-
كەنلىكىنى، بۇ يەردىمۇ نى ـ نى ئىشلارنى قىلغىلى بو-
لىدىغانلىقىنى تونۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزد-
كى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى-
تېتلىرى چوقۇم دەۋرنىڭ تەلىپىگە تېخىمۇ ياخشى ئۇي-
غۇنلىشىپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، مەسئۇ-
لىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ،
ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈپ، خىزمەتلەرنى تىرىشىپ
تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمە-
تىدە ئۆزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

## بىرىنچى، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك

نىزام چىقىرىش خىزمىتى دۆلەتنىڭ پۈتكۈل
قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىس-
مى. نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش دۆلەتنى
قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش-
تىكى ئۇل خىزمەت. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتى 20 يىلدىن بۇيانقى قانۇن چىقىرىش
خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاسا-
سىدا، نىزام چىقىرىش خىزمىتى سەۋىيىسىنى تىرى-
شىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى
ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەن-
پەئىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئا-
ساس قىلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ بىرلىكى ۋە
ئىززىتىنى قوغداش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئى-
دىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ،
باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ، نىزام چىقىرىش داۋامىدىكى
قىيىن مەسىلىلەرنى ئىسلاھات روھى بىلەن ھەل قىلىپ

شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى نىزام چىقىرىش ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك؛ ئادەتتىكى ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نىزام چىقىرىش ھوقۇقىنى ياخشى يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نىزام چىقىرىش ھوقۇقىنى ياخشى يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولۇپ، جانلىق، قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقىرىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ۋاقتىدا جانلىق، قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقىرىش كېرەك. نىزام چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە راسا كۈچ سەرپ قىلىپ، پرىنسىپال بەلگىلىمە كۆپ، كونكرېت بەلگىلىمە ئاز بولۇش ئەھۋالىنى قەتئىي ئۆزگەرتىپ، قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردا كونكرېت، ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىش مۇمكىن بولسىلا، ئىمكانقەدەر كونكرېت، ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىش كېرەك. چوڭ ھەم مۇكەممەل قىلىمەن دەپ دۆلەت قانۇنىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىدىغان ئۇسۇللارنىمۇ تىرىشىپ تۈگىتىپ، بەزى مۇھىم، كونكرېت مەسىلىلەردە قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئايرىم بەلگىلىمە چىقىرىپ، قانچە ماددا چىقارغىلى بولسا شۇنچە ماددا چىقىرىش، شەكىلۋازلىق قىلماسلىق، نىزامنىڭ قوللىنىشچانلىقى ۋە تەتبىقلاشچانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. نىزام چىقىرىش داۋامىدا، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى، نىزاملارنى جىپسىلاشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. نىزام چىقىرىش نامى بىلەن تارماقلارنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى نامۇۋاپىق كېڭەيتىۋېتىشكە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، تارماقلارنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ ئومۇمىي مەنپەئەتكە زىيان يەتكۈزۈشكە تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ. نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ، ھەر قايسى تەرەپنىڭ پىكرىنى كەڭ تۈردە ئاڭلاپ، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارنى نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە دېموكراتىيىلەشتۈرۈش لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت تارماقلىرى كۆپ ساندىكى نىزام لايىھەلىرىنى تەييارلاش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا رەھبەرلىكنى ۋە ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نىزام لايىھەلىرىنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا پىلان بويىچە ۋاقتىدا سۇنۇشى كېرەك.

**ئىككىنچى، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك**

نازارەتچىلىك ھوقۇقى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا بېرىلگەن مۇھىم ھوقۇق. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى پارتىيىنىڭ خەلقنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى مۇھىم مەزمۇن، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. ئۇ شەخسىي ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى بىر خىل دۆلەت تۈزۈلمىسى. ئىينى ۋاقىتتا شۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەككى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنى نازارەت قىلىشى غەرب ئەللىرى پارلامېنتىنىڭ ھۆكۈمەتنى چەكلىشى بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. بىزنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىمىز دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە قۇرۇلغان ۋە شۇ پرىنسىپ بويىچە ئىشلەيدۇ. دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئىشلەيدۇ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى «ئۈچ ھوقۇق تەڭ تۇرىدىغان» مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى زىچ ماسلىشىپ، ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان مۇناسىۋەت. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك قىلىشتىكى مەقسىتى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي

ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇپ، خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نازارەت قىلىش مۇشۇ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنى قوللىغانلىق بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىدىكى يولداشلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار نازارەت قىلىش بىلەن نازارەت قىلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، پارتىيە ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى جەزمەن توغرا تونۇپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى دۆلەت ۋە خەلق ئالدىدا يۈكسەك جاۋابكار بولۇش روھى بويىچە نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى مەردانىلىك بىلەن توغرا يۈرگۈزۈپ، نازارەتچىلىك شەكلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى، نازارەتچىلىك تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. يولداش جياڭ زېمىننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە قويغان تەلىپى بويىچە، نۆۋەتتە مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى نازارەتچىلىكنى نۇقتىلىق تۇتۇش كېرەك: بىرىنچى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى بوشاشماي چىڭ تۇتۇش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر يىلى بىر، ئىككى جەھەتتىكى قانۇننىڭ ئىجراسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، باشقا جەھەتتىكى قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خىزمەتنى چوڭقۇر، پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلق ئاممىسى بەكمۇ نارازى بولۇۋاتقان ئەھۋالنى، يەنى قانۇننى ئاساس قىلماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇننى بۇزۇش ئەھۋاللىرىنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە يېزىلارغا دائىر سىياسەت، قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ۋە يېزىلاردا يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىتىش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، بۇ ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئىنتايىن زۆرۈر، بۇ ئىشنى تۇتۇش ياخشى بولدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، ئاخىرىغىچە تۇتۇپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىككىنچى، مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى، خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ - چوڭ ئىشلارنى ۋە جەمئىيەتتە ئىنكاس كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا نازارەتچىلىك قىلىپ، ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتنى ھەقىقىي ياخشىلىشىغا مەدەت بېرىپ ۋە نازارەتچىلىك قىلىپ، پەرماننىڭ راۋانلىقىغا، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا دائىر زور تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىغا، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك - دىيانەتلىك بولۇشىغا، قانۇن ئىجرا قىلىش بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، باھالاش - سىناش تۈزۈمى ۋە خاتا، ناھەق دېلو جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇقىدىن كەلمە - كەلمەس پايدىلىنىش ۋە قانۇندىن ھالقىغان باشقا قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى قەتئىي تۈزىتىشكە، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا ئىشلىتىشكە، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا نۇقتىلىق

ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى سايلىغان، تەيىنلىگەن كادىرلاردا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى سېزىلسە، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشكە تېگىشلىكلىرىنى قالدۇرۇۋېتىش، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا تېگىشلىكلىرىنى ئېلىپ تاشلاش، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىرىنى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقىغا تارتىشىنى قوللاش كېرەك، يامانغا يانتاياق بولۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشتە نازارەت قىلىش بىلەن قوللاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. نۆۋەتتە دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا ۋە ھالقىلىق مەزگىلگە قەدەم قويدى، تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگىمۇ دۇچ كېلىۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرىلەش داۋامىدا مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان ۋە بولمايدىغان يېڭى قىيىنچىلىق، يېڭى مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بولتۇر ۋە بۇ يىلدىن بۇيان ئىچكى ـ تاشقى بازاردىكى كەسكىن ئۆزگىرىش، بولۇپمۇ ئۈنۈملۈك ئېھتىياج ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولۇش تۈپەيلىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئېغىر بېسىمغا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ پاختا، ئاشلىق، شېكەر قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىمۇ ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرىدى. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتە. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئۆز ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاممىۋى خىزمەتنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىشلەپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئاپتونوم رايون چىقارغان ۋە چىقارماقچى بولغان ئىسلاھات ۋە خىزمەت تەدبىرلىرىنى چۈشىنىپ ۋە قوللاپ، بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاتلىنىشقا يېتەكلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرگە دائىر تەدبىرلەرنى بەلگىلەشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، كۆپ ئەقىل كۆرسىتىپ، كۆپرەك چارە ئىزدەپ، كۆپرەك ئىجابىي پىكىر بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالغا بېسىش داۋامىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلىشىگە ياردەم ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك.

**ئۈچىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇش كېرەك**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى خەلقنىڭ ھاۋالىسى بويىچە خەلققە ۋەكىللىك قىلىپ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدۇ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش — خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى. خەلق قۇرۇلتىيى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويغاندىلا، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىغا تايانغاندىلا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە، خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن قىلالايدۇ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خەلقنىڭ ئارزۇسىنى شەكىلدىن تارتىپ ماھىيەتكىچە يۈكسەك بىرلىككە كەلتۈرەلەيدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى چوقۇم ئامما بىلەن ئالاقىلىشىشتەك ئەنئەنىسى ۋە ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇشنى مۇھىم ئۇل خىزمەت قىلىپ تۇتۇشى كېرەك. ۋەكىللەر قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇ-

رۇپ، ۋەكىللەرنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىنىڭ دەخلىسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ۋەكىللەرنى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە پىلانلىق تەشكىللەپ، ۋەكىللەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۇسۇلىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى ياخشىلاپ، ھەيدەكچىلىك ـ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بېجىرىش سۈپىتىنى تېرىشىپ ئۆستۈرۈشى كېرەك. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋەكىللەرنىڭ قانۇنىي ئورنىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ خىزمىتىنى پائال قوللاپ، ۋەكىللەرنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك. خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن خەت ـ چەك ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرز، شىكايەت، پاش قىلىش ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، ئىنكاس قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ ئېغىر مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىش كېرەك. ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سادالىرىغا قۇلاق سېلىپ ۋە ھالىغا يېتىپ، خەلق ئاممىسىنى تۈرلۈك ئامىللار بىلەن غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىش كېرەك. خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىش ئارقىلىق خەلق ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلەشكە، خەلق رايىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشكە، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى كەڭ دائىرىدە مەركەزلەشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىدىغان تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىپ، تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنى تەشكىل قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار خەلققە ۋەكىللىك قىلىپ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. بۇنداق ھوقۇق قۇرۇلتاي مەزگىلىدىكى پائالىيەتلەردىمۇ، قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلدىكى پائالىيەتلەردىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەكىللىك بۇرچىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىپ ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئۆز رولىنى خېلى ياخشى جارى قىلدۇردى. يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۇرپان ۋىلايىتىدىكى بىر قانچە ۋەكىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىپ، كۈچلۈك خوجايىنلىق ئېڭى ۋە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئىپادىلىدى، بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللەر قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىجرا قىلىپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى قەدىرلەپ، ۋەكىللىك بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ، خىزمەتلەردە تىرىشىپ نەمۇنىلىك ـ باشلامچىلىق رول ئويناپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تۆتىنچى، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك**

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشنى ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى قىلىپ، پائال، تەشەببۇسكار، چوڭقۇر، پۇختا ھالدا نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئۆزگىچە، باشقىلار

گورنىنى باسالمايدىغان مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. نۆۋەتتە بىز تېخىمۇ مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتىمىز. ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەر ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتقىنى يوق. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۇشكۈللۈكىنى تولۇق تونۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت دېگەن قاراشنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا دائىر بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلگىرىكىدەكلا بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ 1 - سېپىدە تۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرگە ھەمكارلىشىپ، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش ۋە ئاممىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئوبدان تۇتۇشى لازىم. بولۇپمۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەت ۋە دىن سىياسىتى، شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، جۈملىدىن مىللەت ۋە دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى قاتارلىق بىر قاتار چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە كادىرلار ۋە ئاممىغا كۆز قاراشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ھەق - ناھەقنى ئايرىش، توغرا دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىنى تۇرغۇزۇش، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى توغرا تونۇش ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا پۇختا ئاممىۋى ئاساس قىلىشى لازىم.

**بەشىنچى، پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىزنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، پارتىيىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن، ھەر قانداق ۋاقىتتا تەۋرىنىشكە بولمايدىغان تۈپ سىياسىي پرىنسىپ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار چوقۇم خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ تەلىپى بويىچە، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىغا خاس مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشىنى قوللىشى لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى مەسىلىلەرنى قەرەللىك مۇزاكىرە قىلىش، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ۋاقتىدا ئاڭلاش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تۈزۈپ چىقىدىغان يەرلىك نىزام، قارار چىقىپ بېكىتىدىغان چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە فاڭجېن، پرىنسىپ جەھەتتە كۆپرەك مۇھاكىمە قىلىپ، يول يورۇق بېرىپ ۋە ئۆتكەللىنى ئىگىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى باشتىن ئاخىر توغرا يۆنىلىشكە ئىگە قىلىش لازىم. دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا قانۇن ۋە تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىنىشقا، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەشەببۇسنى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلىرى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشقا، خەلقنىڭ ھەرىكەت

مىزانى ۋە ئورتاق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قانۇن بويىچە قاراپ چىقىپ بېكىتىدىغان چوڭ ــ چوڭ ئىشلارنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار قىلىشىغا ۋاقتىدا سۇنۇش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قانۇن بويىچە سايلايدىغان ۋە تەيىنلەيدىغان دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى نامزاتىنى پارتكوم كۆرسەتكەندىن كېيىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ پىكرىنى تولۇق ئاڭلاپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپنى قەتئىي ئىجرا قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە قۇرۇلۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا داۋاملىق ياردەم ۋە مەدەت بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ نورمال، ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشنى كۈچەيتىشى لازىم. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىلىق قارىشىنى ئاشۇرۇپ، ئۆز پائالىيىتىنى قەتئىي تۈردە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىشى، تەدبىرلەرنى قانۇن بويىچە بەلگىلەش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش تەلىپىنى ھەقىقىي ئورۇندىشى لازىم.

پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئاپتونوم رايونلۇق ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ، ئىشنى بەك ئوبدان قىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەنئەنىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. چوڭ ــ چوڭ مەسىلىلەردە يوليورۇق سوراش ــ دوكلات قىلىش تۈزۈمىدە تېخىمۇ ياخشى چىڭ تۇرۇپ، يەرلىك نىزام تۈزۈش، قارار، بېكىتمە چىقىرىشتا پارتكومنىڭ پرىنسىپال ماقۇللۇقىنى ئېلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىۋىلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەينەن ئىنكاس قىلىشى، ئۆزىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشى لازىم. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن قانۇن بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنىڭ بىردەكلىكىنى، پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنىڭ بىردەكلىكىنى، پارتىيە مەنپەئىتىنى قوغداش بىلەن خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلەشنىڭ بىردەكلىكىنى، پارتىيە ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىردەكلىكىنى تولۇق تونۇشى لازىم. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، پارتىيە سىرتىدىكى ئەزالارغا تەسىر كۆرسىتىپ ۋە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

بىز دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇرماقتىمىز، يېڭى ئەسىرمۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئىقتىساد جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، خەلق باياشات ــ بەختلىك بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق ــ ئىناق بولغان، جەمئىيەت مەدەنىي بولغان، تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. بىز زور قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن ھەر قانداق قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەلىبىرى ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى چەكسىز پارلاق، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ھەممەيلەن بىر نىيەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى 21 ــ ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتايلى.

# خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز (قىسقارتىلمىسى)

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت
(1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى)



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 20 يىل دەل ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغان 20 يىل بولدى. 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق ئىگىلىكىدە پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككۈدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، ئۈنۈۋېرسال كۈچىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى يىلىغا ئوتتۇرىچە %10.6 تىن ئاشۇرۇپ، 6 ـ 7 ـ 8 ـ بەش يىللىق پىلانلارنى ئۇتۇقلۇق ئورۇندىدى، ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش ئىشىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، نوقۇل ۋە يېكىنمە ھالەتتىكى ناتۇرال ئىگىلىكنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەممە تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ ساھەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولماقتا، مىللەتلەر ئىناق ئۆتمەكتە، ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلماقتا، شەھەر ـ يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆسمەكتە. دېمەك بىز ھازىر دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىي مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمىز. ئاپتونوم رايونىمىز 20 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيەت، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇقلارنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە سادىقلىق بىلەن ۋەكىللىك قىلىپ، دەۋرنىڭ تەلىپىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، پائال ئىزدىنىپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن

ئۆتكۈزۈپ، ئاجايىپ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى كۆپلەپ ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، دۆلەتنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنىغا خاس رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قەرەللىك ئاڭلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن، نىزاملارنى، شۇنىڭدەك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چىقارغان قارارلارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە پائال ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋە ئۇنى تەكشۈرۈپ، ھۆكۈمەت تەدبىرلىرىنىڭ قانۇنلىشىش، دېموكراتىيىلىشىش، ئىلمىيلىشىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت ياراتتى، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشىلىشى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى، ۋەزىپىنى ئورۇندىشىغا كۈچلۈك مەدەت بەردى. بۇ يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ بارلىق خادىملىرىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش» نىشانى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش —دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. يۈكسەك دېموكراتىيە ۋە مۇكەممەل قانۇنچىلىق — بىر دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشقانلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلەشكەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئومۇمىيلىقىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى تەرەققىي قىلدۇرۇش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى تەرەققىي قىلدۇرۇش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتە زور مەسئۇلىيەتنى ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. بىز ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى ۋە خەلقنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چوڭقۇر تونۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە ئاڭلىق چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى قوغداپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

ئاساسىي قانۇنغا ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇنغا ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەم دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بىلەن ئىجرائىي ئورگىنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ھەم نازارەت قىلىش بىلەن نازارەت قىلىنىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكى خەلققە ۋاكالىتەن قىلىنىدىغان نازارەتچىلىكتۇر، ھۆكۈمەتنىڭ

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىدە بولۇشى، ماھىيەتتە، خەلقنىڭ نازارەتچىلىكىدە بولغانلىقى ۋە خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولغانلىقىدۇر. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكى ھۆكۈمەت خىزمىتى ئۈچۈن مەدەت ۋە ھەيدەكچىلىك بولىدۇ. نازارەتچىلىكنى ئاڭلىق قوبۇل قىلغاندىلا، ئاندىن ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدىكىلەر ۋە فۇنكسىيىلىك تارماقلار خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئېڭىنى، نازارەتچىلىكنى قوبۇل قىلىش ئېڭىنى ھەم چاكارلىق ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى؛ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا خىزمىتىنى ھەم مۇھىم مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات قىلىشى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قانۇن بويىچە ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى؛ خىزمەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن بولغان ئالاقىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە پائال مەدەت بېرىشى ۋە ماسلىشىشى لازىم.

ھۆكۈمەت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش — دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. بىز شۇنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا قانۇن بويىچە تەدبىر بەلگىلىشىمىز، قانۇن بويىچە باشقۇرۇشىمىز، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك. ئىلگىرىكىدەك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئاساسلىقى مەمۇرىي ۋاسىتىگە تايىنىپ باشقۇرۇشتىن تەدرىجىي ھالدا ئاساسلىقى قانۇن ۋاسىتىسىگە تايىنىش، زۆرۈر ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي ۋاسىتىلەرنى قوشۇمچە قىلىشقا ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، قانۇن بولغانىكەن، ئۇنىڭغا جەزمەن ئاساسلىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا جەزمەن قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىي ھەرىكەتنى پروگراممىلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە قانۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز؛ يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى قانۇن ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز؛ يەرلىك قانۇن چىقىرىشتا دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش سۈرئىتىگە ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن چىقىرىش تەدبىرىنى ئىسلاھات، تەرەققىيات تەدبىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش تەلىپى بويىچە، قانۇن چىقىرىش ئېھتىياجى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، قانۇن، نىزام لايىھەسىنى تەتقىق قىلىش، دەلىللەش ۋە تەييارلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز؛ مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ۋە قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، شۇنداقلا ئىنتايىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى نەچچە ئون يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلانغان تۈزۈم. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم ئورنى ۋە ئۆزگىچە رولى تولۇق نامايان بولماقتا. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ۋە يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنىنىڭ زور رولى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر نىيەتكە كېلىپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىغا يېتىپ، ھاياتىي كۈچكە ۋە ئۈمىدكە تولغان شىنجاڭنى 21 - ئەسىرگە باشلاپ كىرىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

# يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ( قىسقارتىلمىسى)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز
(1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)




بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا 50 يىل توشىدۇ، ئېلىمىزدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورنىتىلغىنىغا 45 يىل، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغىنىغا 20 يىل توشىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ماركسىزمنىڭ دۆلەت تەلىماتىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىجاد قىلغان ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى. 1954 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئېچىلىپ، ئېلىمىزدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ رەسمىي ئورنىتىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى. 45 يىلدىن بۇيان خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى گەرچە بوران - چاپقۇنلارغا ئۇچراپ، ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن باشتىن ئاخىر ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن يولنى بويلاپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، جۇڭگو زېمىنىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، غايەت زور ئەۋزەللىكى ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە مۇكەممەل سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق بەرپا قىلىشنى سوتسىيالىزمنىڭ توپ نىشانى ۋە توپ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگۈزدى. 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى، دىكى بىر قانچە بەلگىلىمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار» ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، 1979 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىملىق ئاپپاراتىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، مەملىكەت بويىچە يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى ئەڭ

بالدۇر قۇرغان ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغان 20 يىلدىن بۇيان، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۆزىنىڭ باش بۇرچى قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئۆزىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا ئاتا قىلىنغان خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ساداقلىق بىلەن ۋەكىللىك قىلىپ، دەۋر تەلىپىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، پائال ئىزدىنىپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ناھايىتى نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇش جەھەتتە تېگىشلىك تۆھپە يارىتىپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

— يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىلدى. 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى ئەمەلىي ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى. 1999-يىلى 7-ئايغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن ۋە ماقۇللىغان يەرلىك نىزام 106 گە، نىزام خاراكتېرلىك قارار، بېكىتمىلەر 68 گە، تەستىقلىغان ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ ئايرىم نىزامى ئۈچكە، تەستىقلىغان ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەرلىك نىزامى 27 گە، تۈزىتىش كىرگۈزگەن يەرلىك نىزام 35 كە، تەستىقلىغان، تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن يەرلىك نىزام سەككىزگە يەتتى. بۇ نىزاملارنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ئىقتىساد باشقۇرۇش، بايلىق قوغداش، مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە، ئىجتىمائىي پائالىيەت، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، ئىجتىمائىي كاپالەت، مىللەتلەر، دىن قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ نىزاملارنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى بىلەن شىنجاڭدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە تايىنىدىغان قانۇن بولۇش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى ھەمدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

— نازارەتچىلىك خىزمىتى تەدرىجىي كۈچەيتىلدى. 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمەت ھوقۇقىنى ئىشلىتىش جەريانىدا، ئاساسىي قانۇن، قانۇن ۋە نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى، ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي ئورگىنى، سوت ئورگىنى ۋە تەپتىش ئورگىنىنىڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 50 تىن ئارتۇق قانۇن، نىزامنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەكشۈردى. ھۆكۈمەت بىلەن ئىككى مەھكىمىنىڭ 200 دىن ئارتۇق خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى. كۆپ يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىش ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى، دائىمىي كومىتېتىمىز نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، نازارەتچىلىكنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، نازارەتچىلىكنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، جۈرئەت قىلىش بىلەن ماھىر بولۇش ئۈستىدە تازا كۈچ سەرپ قىلدى. مەسىلەن، دائىمىي كومىتېتىمىز ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتى بەرگۈزۈپ باھالاش، خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، ئىقتىسادىي تەپتىش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، يەككە دېلوغا نازارەتچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلار. شۇنداق قىلىپ نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ

هەم مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلماسلىق، هەم هوقۇقىدىن هالقىپ كەتمەسلىكنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشىغا، مەمۇرىي هوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئاكتىپ تەسىر پەيدا قىلدى.

——ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى قاراپ چىقىپ قارار قىلىشتا ئوبدان ئۈنۈم هاسىل قىلىندى. 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن بويىچە 120 قېتىمدىن كۆپرەك دائىمىي كومىتېت يىغىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاهات، كېڭەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشنى چۆرىدەپ، نۇرغۇن قارار، بېكىتمىلەرنى چىقاردى. چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر توغرىسىدا چىقىرىلغان بۇ قارار، بېكىتمىلەردە پارتىيىنىڭ توغرا تەشەببۇسى ۋە هەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، قانۇنلۇق بولۇش، يولغا قويغىلى بولىدىغان بولۇش ۋە ئەمەلىي ئۈنۈم بېرىدىغان بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇ هەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ هىمايىسىگە ئېرىشتى.

——كادىرلارنى تەيىنلەش، قالدۇرۇش ۋە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاندى. 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا تايىنىپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، خىزمەتنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاپ، كادىرلارنى تەيىنلەش، قالدۇرۇش ۋە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنىڭ تەرتىپىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈش دەرىجىسىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 2937 نەپەر دۆلەت خىزمەتچىسىنى قانۇن بويىچە تەيىنلەپ ۋە قالدۇرۇپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۆت قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك رىياسەتچىلىك قىلدى. ناهىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئالتە قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا ۋە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يەتتە قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا يېتەكچىلىك قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

——ۋەكىللەر ۋە هەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقە تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇلدى. 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ۋەكىللەر قانۇنى» نى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ۋەكىللەرنى چوڭ - چوڭ ئەهۋاللاردىن ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ، ۋەكىللەرگە هۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئەهۋالىنى تىرىشىپ بىلدۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتۈشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ۋەكىللەرنى قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، باهالاش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە تەشكىللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋەكىللەر ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەهمىيەت بېرىپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپنامە ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. دائىمىي كومىتېتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ۋەكىللەرنىڭ جەمئىي 17 مىڭ 345 پارچە تەكلىپنامە ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىشكە يېتەكچىلىك قىلدى. دائىمىي كومىتېتىمىز ئەرز قوبۇل قىلىشنى خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان مۇهىم يول قىلىشقا ئەهمىيەت بېرىپ، ئاممىنىڭ خەت - چەكلىرى ۋە هال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى، شۇنداقلا ئاممىنىڭ دەۋا خاراكتېرلىك ئەرزلىرىدىن جەمئىي 44 مىڭ 680 ئادەم - قېتىم (پارچە) قوبۇل قىلدى.

——ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، 20 يىلدىن بېرى بەزىبىر قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى. دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ بۇ تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل

يەكۈنلىشى ۋە كېڭەيتىشى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە يەنىمۇ چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ تەجرىبىلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

بىرىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش، بۇ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە رىئايە قىلىش شەرت بولغان توپ سىياسىي پرىنسىپ، شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. پەقەت ئاڭلىق تۈردە پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنىڭغا تايانغاندىلا ئاندىن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش، پارتىيىۋىلىككە ئەھمىيەت بېرىشتە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيە جەھەتتە ۋە ھەرىكەتتە ئاڭلىق تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىردەكلىكنى ساقلاپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى پارتىيە رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش داۋامىدا پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى، كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن بويىچە سايلاش، تەيىنلەش، قالدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ زور تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنىي تەرتىپ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى ھەم ئۆزىنىڭ ئۈنۈملۈك خىزمىتى ئارقىلىق پارتكومنىڭ ئەھمىيەت بېرىش ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئۆزىنىڭ توپ ۋەزىپىسى قىلىش. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن قانۇنچىلىق — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم شەرت. يۈكسەك دېموكراتىيە بىلەن مۇكەممەل قانۇنچىلىق — بىر دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشقانلىقىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى. 20 يىلدىن بېرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى باشتىن ئاخىر ئۆزىنىڭ توپ ۋەزىپىسى قىلىپ، خىزمەتنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. دائىمىي كومىتېتىمىز ئامما بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى ئاساسىي يوللۇق رولىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشىغا قاتنىشىپ ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر ۋە تەلىپىنى ئىنكاس قىلىشنى قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا تەشكىلاتچىلىق قىلىپ، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، خەلقنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كاپالەتلىك قىلدى. دائىمىي كومىتېتىمىز يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتى بىلەن نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈردى ۋە ئىلگىرى سۈردى. دائىمىي كومىتېتىمىز 3-بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى ئىشلىتىش، قانۇننى قوغداشتەك ياخشى كەيپىياتنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن-تۈزۈم كۆز قارىشىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۈچەيتىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاممىۋى ئاساس ياراتتى.

ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا قىلچىمۇ تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش. ئىقتىسادىي

تەرەققىياتنى تېزلىتىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ ئارزۇسى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى ۋە مەركىزىي ۋەزىپىسى، شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى. 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەر قايسى مەزگىلدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاكتىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىيىتىنى چىڭ ئىگىلەپ، تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزگە بويسۇندۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا، تېز سۈرئەتتە ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشتى ھەم خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

تۆتىنچى، خىزمەت ھوقۇقىنى چوقۇم ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى رىئايە قىلىشى شەرت بولغان مۇھىم پرىنسىپ. 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى باشتىن ئاخىر ئۆزىنىڭ تۈپ پائالىيەت مىزانى قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئاتا قىلغان تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، خىزمەت ھوقۇقىنى كوللېكتىپ يۈرگۈزۈپ، يەرلىك قانۇن چىقىرىش، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش خىزمىتىدە خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر ۋە تەلىپىنى ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ ۋە ھۆرمەت قىلىپ، نىزام تۈزۈش، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈردى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە ھەم مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلماسلىق، ھەم ھوقۇقىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىشنى، مەمۇرىي ئورگان، سوت ئورگىنى ۋە تەپتىش ئورگىنىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىشنى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشىلىدى ۋە كۈچەيتتى.

بەشىنچى، دائىمىي كومىتېت ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش. بۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئاساسى. 20 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئاتا قىلغان خىزمەت ھوقۇقىنى زىممىسىگە ئېلىپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئىزچىل تۈردە مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ھەر دائىم بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ كەلدى. ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش جەھەتتە، دائىمىي كومىتېتىمىز ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇنلارنى ئۆگىنىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسى ۋە سىياسىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى، تەشكىلىي قۇرۇلۇش جەھەتتە دائىمىي كومىتېتىمىز بىر قەدەر ماس ۋە يۈرۈشلەشكەن خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا پىششىق، ئىستىلى ياخشى، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەيدىغان، پىداكارلىق روھىغا باي بىر تۈركۈم خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى قوشۇنىنى تەدرىجىي يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى

ۋەزىيەت يارىتىشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى. تۈزۈم قۇرۇلۇشى جەھەتتە، دائىمىي كومىتېتىمىز ئىشلارنى قاراپ چىقىش تەرتىپىنى ۋە خىزمەت تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يىغىن تۈزۈمى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تۈزۈمى، ۋەكىللەر ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمى ھەم ئورگان خىزمەت تۈزۈمى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق كۈچەيتتى. بولۇپمۇ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى داۋامىدا بايقالغان مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، دائىمىي كومىتېت مەسئۇللىرىنىڭ ۋە خىزمەت تارماقلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئائىت تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، دائىمىي كومىتېت خىزمىتى ۋە ئورگان خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈردى ھەم قېلىپلاشتۇردى.

نۆۋەتتە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلار يېڭى تارىخىي تەرەققىيات مەزگىلىگە قەدەم قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن زور مەسئۇلىيەتنى ۋە شەرەپلىك بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان. شۇڭا ئۇ دەۋرنىڭ ئېھتىياجى ۋە خەلقنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئاتا قىلغان بۇرچنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۈنۈملۈك خىزمىتى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىش قەدىمىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار تەرەققىيات نىشانىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى ۋە ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

**1 . يەرلىك قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى داۋاملىق تېزلىتىش، نىزاملارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 2010 - يىلغىچە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قانۇن سىستېمىسىنى ئورنىتىش لازىم دېگەن تەلەپ بويىچە، قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن چىقىرىش تەرتىپىنى ياخشىلاپ، قانۇن چىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش سۈرئىتىگە ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ پۈتكۈل مەنپەئەتى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، قانۇن چىقىرىپ تەدبىر بەلگىلەش بىلەن ئىسلاھاتتا تەدبىر بەلگىلەش، تەرەققىياتتا تەدبىر بەلگىلەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئالدىنئالا تەتقىق قىلىش، ئالدىنئالا قانۇن چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىشى ھەم يەرلىك نىزاملارنى ئېنىقلاش، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ئۆز ۋاقتىدا ياخشى ئىشلىشى، قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتنى تىرىشىپ يېتەكلەپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى بىر قەدەر مۇكەممەل قانۇن كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى لازىم.

**2 . نازارەتچىلىكنىڭ سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك**

يولداش جياڭ زېمىننىڭ 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى بىلەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 9 - نۆۋەتلىك 1 - يىغىنىغا قاتناشقان پارتىيىلىك مەسئۇل يولداشلار يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىكى تەلەپ بويىچە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تەرەپتىكى نازارەتچىلىكنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ياخشى تۇتۇش كېرەك: بىرىنچى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان نازارەتچىلىكنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش لازىم. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىجرا قىلىش داۋامىدا مەسىلە كۆپرەك، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا زىچ ئالاقىدار بولغان قانۇن، نىزاملارنى تاللاپ، ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش لازىم. خىزمەتنى چوڭقۇر، پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىلەن باھالاش - سىناش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈ-

رۇشىگە، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ناھەق دېلو، خاتا دېلولارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، مەمۇرىي ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ۋە ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئىككىنچى، مەمۇرىي ئورگان، سوت ئورگىنى ۋە تەپتىش ئورگىنىنىڭ خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاش، سوراپ بېقىش، سۈرۈشتۈرمە قويۇش قاتارلىق نازارەتچىلىك شەكىللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق جەھەتتىكى چوڭقۇر قاتلامدىكى مەسىلىلەر ۋە خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم. پىلان ۋە خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا بولغان نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەستىقلىغان خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى، مالىيە خام چوتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم. ئۈچىنچى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرىگە بولغان نازارەتچىلىكنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى تارماقلار بىلەن ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى باھالاشقا پىلانلىق تۈردە تەشكىللەپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى سايلىغان، تەيىنلىگەن كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاشنى قانات يايدۇرۇپ، دۆلەت ئورگانلىرى خىزمەتچىلىرىنىڭ چاكارلىق ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم.

**3. ۋەكىللەر ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنى تەشكىل قىلغۇچى خادىملار بولۇپ، ئۇلار خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەت باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىدۇ. ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئاساسى. دائىمىي كومىتېتىمىز ۋەكىللەر خىزمىتىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ۋەكىللەر ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئالاقىدار تۈزۈملەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەكىللەر خىزمىتىنى قەرەللىك تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇھىم ئەھۋاللارنى ۋەكىللەرگە ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ، ۋەكىللەرنى ئۆگىنىشكە، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش پائالىيەتلىرىگە پائال تەشكىللەپ، ۋەكىللەرنىڭ پىكرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاڭلاش، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپىنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپنامە ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ئاساسىي قاتلاملار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن بولغان ئالاقىنى ۋە ئۇلارغا بولغان خىزمەت يېتەكچىلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ ۋە كېڭەيتىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ھەل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش لا-

زىم. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ، بولۇپمۇ ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى نازارەتچىلىكىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، زىچ ماسلىشىپ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن بىللە ھەرىكەتكە كېلىپ، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم.

**4. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشى كېرەك**

يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى ئېغىر خىزمەت ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىش ئۈچۈن ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشى شەرت. دائىمىي كومىتېتىمىز ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى قارارنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئۆز قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى لازىم. «ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش» دېگەن تەلەپ بويىچە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە ئورگان خىزمەتچىلىرىنى دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى، شۇنداقلا مەركەز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا تەشكىللىشى ھەم ئۇنى ئىزچىل تۈردە تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. قانۇن لېكسىيىسىنى قەرەللىك ئۇيۇشتۇرۇپ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە ئورگان خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇن ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى، بۇ ئارقىلىق خىزمەت ھوقۇقىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۈرگۈزۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس يارىتىشى لازىم. دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشلارنى دېموكراتىك ئاساستا مۇھاكىمە قىلىشقا ئالاقىدار تۈرلۈك خىزمەت تۈزۈملىرىنى پائال ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلەيدىغان، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى كەڭ كۆلەمدە مەركەزلەشتۈرىدىغان تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم. دائىمىي كومىتېت ئورگىنىنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمىتى، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدارىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، تەرتىپلەشتۈرۈش ئىزىغا سېلىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىشى لازىم.

21 ـ ئەسىرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنى ئەستايىدىل ئەسلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلەشتىكى مەقسەت ـ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش. بىز دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، باش شۇجى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىش ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۇساپىدە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ۋە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى نەتىجىلىرىمىز ئارقىلىق تېخىمۇ شانلىق يېڭى سەھىپە يارىتايلى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى

(1989 - يىل 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 - يىغىنىدا ماقۇللانغان ، 1996 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 23 - يىغىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى › نى يولغا قويۇش چارىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن 1 - قېتىم تۈزىتىلگەن ، 1997 - يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 30 - يىغىنىنىڭ « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتوم رايونىنىڭ ‹ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى › نى يولغا قويۇش چارىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن 2 - قېتىم تۈزىتىلگەن ، 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى
## (9 — 13 - نومۇرلۇق)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى › نى يولغا قويۇش چارىسى» 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - يىغىنىدا تۈزىتىلىپ ماقۇللاندى ، تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى › نى يولغا قويۇش چارىسى» ئېلان قىلىنىدى. 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتى
1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى» (تۆۋەندە «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» دېيىلىدۇ) ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنىنى يولغا قويۇش نىزامى» (تۆۋەندە «يولغا قويۇش نىزامى» دېيىلىدۇ) غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە يەرنى قوغداش، ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا، مۇشۇ چارىگە ئەمەل قىلىش لازىم.

**3 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى يەرلەرنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتىگە بىر تۇتاش مەسئۇل بولىدۇ.

**4 - ماددا** شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى (تۆۋەندە بىڭتۇەن دېيىلىدۇ) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، يەر باشقۇرۇش قانۇنى، نىزامى ۋە مۇشۇ چارىگە ئاساسەن، ئىشلىتىش ھوقۇقى بىڭتۇەنگە بېرىلگەن يەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئۇنىڭ يەر

باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. بىڭتۈەننىڭ دېۋىزىيە (گۇندۇي)لىرىنىڭ يەر باشقۇرۇش خىزمىتى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

بىڭتۈەن سىستېمىسى شەھەر پىلانلاش رايونىدىكى دۆلەت يېرىنى ئىشلىتىشتە شەھەرلەردىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش پىلانلىشى ۋە باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى كېرەك.

5 - ماددا ئاپتونوم رايون يەرنى ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە يېزا ئىگىلىك يېرىنى باشقا ئىشقا ئىشلىتىشنى تەستىقلاش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. يېزا ئىگىلىك يېرىنىڭ قۇرۇلۇش يېرىگە ئۆزگەرتىلىشىنى قاتتىق چەكلەيدۇ، تېرىلغۇ يەرنى ئالاھىدە قوغداش ۋە ئىگىلەپ ئىشلەتكەنلەر تۆلەم بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ ھەم ئورمان يېرى، ئوتلاقلارنى قوغداش ۋە باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە ھەقىقىي كۈچەيتىدۇ.

يەر بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتى يېتەكچى رول ئوينايدىغان چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئېچىش بىلەن تېجەشنى تەڭ تۇتۇش، تېجەش، تولۇق پايدىلىنىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان يەر ئىشلىتىش فاڭجېنى يولغا قويۇلىدۇ. يەر ئېچىش ۋە يەردىن پايدىلىنىش بىلەن تۈزەش، قوغداشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، زىيادە ئېچىش، تالان-تاراج خاراكتېرلىك پايدىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يەر بايلىقىنى ياخشى تەقسىملەش ۋە ئىنچىل پايدىلىنىش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

6 - ماددا دۆلەت يېرىنى ھەقلىق ئىشلىتىش تۈزۈمى قانۇن بويىچە يولغا قويۇلىدۇ. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ يەرنى ئىگىلىۋېلىشىغا، ئېلىپ-سېتىشىغا ياكى باشقا شەكىللەر بىلەن قانۇنسىز ئۆتۈنۈپ بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەدبىر قوللىنىپ، ئومۇميۈزلۈك پىلانلاپ، قاتتىق باشقۇرۇپ، يەر بايلىقىنى قوغدىشى ۋە ئېچىشى، يەرنى قانۇنسىز ئىگىلەپ ئىشلىتىش قىلمىشىنى چەكلىشى كېرەك.

## 2 - باب يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقى

7 - ماددا تۆۋەندىكى يەرلەر دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ:

(1) 1987 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەسلىدىكى «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن، دېھقان، چارۋىچىلار كوللېكتىپ ياكى شەخسىي ئىشلەتكەن تېرىلغۇ يەر، باغ يېرى ۋە ئۆي يېرى، قالدۇرۇق يەر؛

(2) ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يېزا ئىگىلىك يېرى ئارىسىدىكى بوز يەر، چۆل قاتارلىقلار؛

(3) يېزا، كەنت كارخانىلىرى، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە يول، سۇ قۇرۇلۇشى، ئاممىۋى ئەسلىھەلەرگە ئىشلىتىلگەن ئەسلىدە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەر؛

(4) يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ پاي قوشۇش، بىرلىشىپ كارخانا قۇرۇشىغا قانۇن بويىچە تەستىقلاپ بېرىلگەن، ئەسلىدە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەر؛

(5) ئوتلاق، ئورمانچىلىقتا ئائىت قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، دەپ بېكىتىلگەن ئوتلۇق، ئورمان يېرى؛

(6) قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا بولغان باشقا يەرلەر.

ئالدىنقى تارماقتا بەلگىلەنگەن يەرلەردىن باشقىلىرى دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ.

دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى ۋە ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش مۆددىتى قانۇن بويىچە ئۇزاققىچە ئۆزگەرمەيدۇ.

8 - ماددا دۆلەت يېرىنى ئىشلەتكۈچىلەر ۋە

كوللېكتىپ يەرنىڭ ئىگىدارلىرى، ئىشلەتكۈچىلىرى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تىزىملاشنى ئىلتىماس قىلىپ، دۆلەت يېرىنى ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى ۋە كوللېكتىپ يېرىگە ئىگىدارلىق قىلىش گۇۋاھنامىسى، كوللېكتىپ يېرىنى ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى ئېلىشى شەرت.

رەنىگە قويۇش، ئىجارىگە بېرىش، قوشنا يەردىن پايدىلىنىپ تورۇش قاتارلىق يەرگە دائىر باشقا ھوقۇقلارنى يەر تىزىملىغۇچى ئەسلى ئورۇن تىزىملاپ رويخەتكە ئالىدۇ ھەم «يەرگە بولغان باشقا ھوقۇق ئىسپاتنامىسى» تارقىتىدۇ.

9 ـ ماددا ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىلمىگەن دۆلەت يېرىنى شۇ جايدىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىپ، قوغداش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

10 ـ ماددا ئورمان يېرى، ئوتلاقنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ياكى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، سۇ يۈزى، ساھىللارنى باقمىچىلىققا ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش «ئورمان قانۇنى»، «ئوتلاق قانۇنى»، «بېلىقچىلىق قانۇنى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ.

11 ـ ماددا يەر تىزىملىتىش مەزمۇنىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، يەر ئىشلەتكۈچى تىزىملانغان مەزمۇندا ئۆزگىرىش بولغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ئېلىپ ئەسلى تىزىملىغان يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تىزىمنى ئۆزگەرتىشنى ئىلتىماس قىلىشى كېرەك:

(1) سېتىپ بېرىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ۋارىسلىق قىلىش، ھەدىيىنى قوبۇل قىلىش، كارخانا تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش، كارخانىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ياكى قوشۇۋېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەر ھوقۇق تەۋەلىكىدە ئۆزگىرىش بولسا؛

(2) يەر ئۈستىدىكى بىنا، قۇرۇلما ۋە باشقا نەرسىلەرنى سېتىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش تۈپەيلىدىن يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى باشقىلارغا ئۆتكەن بولسا؛

(3) ئېلىپ ئىشلىتىش، ئالماشتۇرۇش، تەڭشەش سەۋەبىدىن يەر ھوقۇق تەۋەلىكىدە ئۆزگىرىش بولسا؛

(4) يەر ئىشلەتكۈچىنىڭ نامى ئۆزگەرگەن بولسا؛

(5) يەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى قانۇن بويىچە ئۆزگەرگەن بولسا؛

(6) يەر تىزىملاشقا ئائىت باشقا مەزمۇنلار قانۇن بويىچە ئۆزگەرگەن بولسا.

12 ـ ماددا «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە ئۇنى «يولغا قويۇش نىزامى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، يەر ئىشلەتكۈچىنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشقا توغرا كەلسە، ئەسلى تىزىملىغان يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تىزىمىدىن ئۆچۈرۈپ، يەر گۇۋاھنامىسىنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

13 ـ ماددا يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە رەنىگە ۋە ئىجارىگە بېرىشتە، ئەسلى تىزىملىغان تارماققا يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى رەنىگە، ئىجارىگە بېرىشنى تىزىملاشنى ئىلتىماس قىلىش شەرت.

14 ـ ماددا يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقىغا دائىر تالاش ـ تارتىشنى ئالاقىدارلار كېڭىشىپ ھەل قىلىدۇ، كېڭىشىپ ھەل قىلالمىسا، خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

يېزا (بازار) لار ئارا، ناھىيە (شەھەر) لەر ئارا، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەر ئارا يۈز بەرگەن تالاش ـ تارتىشنى ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

يەرلىك، بىڭتۈەن، ھەربىي قىسىم، مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ئورۇنلىرى ئارا يۈز بەرگەن تالاش ـ تارتىشنى ئۇلار تۇرۇشلۇق جايدىكى بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىشى قىيىن بولغان تالاش ـ تارتىش ۋە يەر ھوقۇق تەۋەلىكىگە دائىر چوڭ ـ چوڭ تالاش ـ تارتىشنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ئورۇنلار ئارا تالاش ـ تارتىشنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ. شەخسلەر ئارا، شەخسلەر بىلەن ئورۇنلار ئارا تالاش ـ تارتىشنى يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ناھىيە

دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئالاقىدارلار بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا قايىل بولمىسا، بىر تەرەپ قىلىش قارارى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 30 كۈن ئىچىدە، خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

## 3 - باب يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى

**15 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ تۈزىدۇ. يېزا (بازار) نىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتى تۈزىدۇ.

بىڭتۇەننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى ئاپتونوم رايوننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىغا ئاساسەن تۈزۈلىدۇ. بىڭتۇەننىڭ دىۋىزىيە (ئىدارە) لىرى، تۇەن - مەيدانلىرىنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى شۇ جايدىكى ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) نىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلۇشى كېرەك.

**16 - ماددا** يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە تەستىقلىتىلىدۇ:

(1) ئاپتونوم رايوننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى گوۋۇيۈەن تەستىقلايدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى ۋە بىڭتۇەننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن گوۋۇيۈەن تەستىقلايدۇ.

(2) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ.

(3) ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەكشۈرۈپ ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ.

(4) يېزا (بازار) لارنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەستىقلايدۇ ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

**17 - ماددا** يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى تەستىقلانغان ھامان قاتتىق ئىجرا قىلىش شەرت.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، ئەسلى تەستىقلىغان ئورگاننىڭ تەستىقى بىلەن يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ:

(1) خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بولسا؛

(2) گوۋۇيۈەن ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان ئېنېرگىيە، قاتناش، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا يەر ئىشلىتىش تۈپەيلىدىن يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە؛

(3) يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى قانۇن بويىچە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى مۇناسىپ ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە؛

(4) تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە.

**18 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەردىن پايدىلىنىشتا پىلانلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇش يېرى ئومۇمىي مىقدارىنى ۋە يېزا ئىگىلىك يېرىنى ئىچىش ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەيدۇ.

يەردىن پايدىلىنىش يىللىق پىلانى «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ 24 - ماددىسى ۋە «يولغا قويۇش نىزامى» نىڭ 13 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تۈزۈلىدۇ ۋە تەستىقلىتىلىدۇ.

**19 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى يەر تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈ-

ستىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەڭ دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يەر تەكشۈرۈشتە لايىھە تۈزۈپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن يولغا قويۇشى كېرەك.

## 4 ـ باب تېرىلغۇ يەرنى قوغداش ۋە يەر ئۆزلەشتۈرۈش

20 ـ ماددا ئاپتونوم رايون تېرىلغۇ يەر ئىگىلەپ ئىشلىتىشتە تۆلەم تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا قۇرۇلۇشقا تەستىق ئارقىلىق تېرىلغۇ يەر ئىگىلەپ ئىشلەتكەنلەر ئۆزلەشتۈرۈش ياكى رەتلەش ئارقىلىق ئىگىلەپ ئىشلەتكەن تېرىلغۇ يەر سانى ۋە سۈپىتىگە باراۋەر تېرىلغۇ يەر تولۇقلاپ بېرىشكە مەسئۇل بولۇشى شەرت. شارائىتى يوقلار ئىگىلىگەن يەرنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ھەر گېكتارىغا 15000 ـ 45000 يۈەن ئۆلچەم بويىچە تېرىلغۇ يەر بىنا قىلىش ھەققى تاپشۇرۇشى كېرەك. بۇ پۇل يېڭىدىن تېرىلغۇ يەر بىنا قىلىشقىلا ئىشلىتىلىدۇ.

تېرىلغۇ يەر ئىگىلەپ ئىشلەتكەن ئورۇننىڭ ئۆزلەشتۈرۈش ياكى رەتلەش ئارقىلىق تېرىلغۇ يەر تولۇقلىشىغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ئۇ ھاۋالە قىلغان تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە دېھقانچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى نازارەتچىلىك قىلىدۇ ھەم ئۇنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ.

21 ـ ماددا قانۇن بويىچە تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئاساسىي ئېتىزنى ئىگىلەپ ئىشلىتىش ئۈچۈن تېرىلغۇ يەر بىنا قىلىش ھەققى تاپشۇرىدىغانلار ئادەتتىكى تېرىلغۇ يەر بىنا قىلىش ھەققىنىڭ 1.5 ھەسسىسى بويىچە پۇل تاپشۇرىدۇ.

22 ـ ماددا تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا قۇرۇلۇشقا تېرىلغۇ يەر ئىگىلەپ، بىر يىلدىن ئاشقان ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتقىچە قۇرۇلۇشنى تېخى باشلىمىغانلار شۇ جايدىكى تېرىلغۇ يەر يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىككى ھەسسىسى بويىچە يەرنى ئىشلەتمەي تاشلاپ قويۇش ھەققى تاپشۇرۇشى كېرەك.

23 ـ ماددا دۆلەت ئىلكىدىكى بوز يەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتە تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك:

(1) خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىلمىي، قانۇنلۇق، مۇۋاپىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا بېكىتىلگەن ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان دائىرىدە پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىش؛

(2) تولۇق ئىلمىي دەلىللەپ ۋە باھالاپ، سۇغا قاراپ يەر بېكىتىش، سۇ تېجەپ يەر كۆپەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ياخشىلاش، سۇ ـ تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ۋە يەرنىڭ چۆللىشىپ، شورلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛

(3) يەر ئەھۋالىغا قاراپ ئىش قىلىش، دېھقانچىلىققا باب كەلسە دېھقانچىلىق قىلىش، چارۋىچىلىققا باب كەلسە چارۋىچىلىق قىلىش، ئورمانچىلىققا باب كەلسە ئورمانچىلىق قىلىش ۋە ئېكولوگىيىلىك، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش؛

(4) دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش، ئەسلى يەر ئىشلەتكۈچىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش.

24 ـ ماددا ئۆزلەشتۈرگەن يەرنى ئاۋۋال ئەسلى ئىشلەتكۈچىنىڭ ئىشلىتىشىگە، باشقۇرۇشىغا ھۆددىگە بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە زىرائەت تېرىشقا ئىشلىتىلىدىغانلىرىنىڭ كەم دېگەندە %10 نىگە كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ۋە ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك تېرىش؛ چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى، چارۋىچىلىق تەرەققىياتىغا ئىشلىتىلىدىغانلىرىنى ئاساسلىقى ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك بازىسى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش كېرەك.

دۆلەت ئىلكىدىكى بوز يەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتە ھەقلىق ئىشلىتىش يولغا قويۇلىدۇ، ئۆزلەشتۈرۈپ باشقۇرغۇچى بىلەن شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ھۆددە

توختامى ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى پۈتۈشىدۇ.

25 ـ ماددا تۆۋەندىكى يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ:

(1) يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا ئۆزلەشتۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ، دەپ بېكىتىلگەن رايونلار؛

(2) تەبىئىي چاپىملىق، سۈنئىي ئوتلۇق، قاشالىق ئوتلاق ۋە سۇپەتلىك ئوتلاق؛

(3) ئورمان يېرى ۋە دەريا، كۆل ساھىلى؛

(4) 25 گرادۇستىن يۇقىرى يانتۇلۇق ۋە قۇم ـ بوران ئۆتىدىغان چۆللۈك؛

(5) يەر ھوقۇق تەۋەلىكىدە تالاش ـ تارتىش بار جايلار.

ئالدىنقى تارماقنىڭ 2 ـ تارماقچىسىدا ئېيتىلغان ئوتلاقتىن باشقا، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېكىتىپ بېرىلگەن ئوتلاقنى پرىنسىپ جەھەتتىن ئۆزلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ، ئۆزلەشتۈرۈش زۆرۈر بولغانلىرىنى بۇ چارىنىڭ 26 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، بوز يەر ئېچىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىغا ئىگە خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ قوشۇلغاندىن كېيىن، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىپ ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ ھەم شۇ يەرنى ئەسلى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرغان دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

26 ـ ماددا دۆلەت ئىلكىدىكى بوز يەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتە قانۇن، نىزامدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش ھەم يەردىن پايدىلىنىش يىللىق پىلانىدا بېكىتىلگەن تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى ئىچىدە تۆۋەندىكى ھوقۇق دائىرىسى بويىچە تەستىقلىتىش كېرەك.

(1) بىر يولىلا ئۆزلەشتۈرىدىغان بوز يەر 30 گېكتاردىن تۆۋەن بولسا، ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛

(2) بىر يولىلا ئۆزلەشتۈرىدىغان بوز يەر 30 گېكتاردىن ئېشىپ، 60 گېكتارغا يەتمىسە، ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەستىقلايدۇ؛ 60 گېكتاردىن ئېشىپ 600 گېكتارغا يەتمىسە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛

(3) ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەر بىر يولىلا ئۆزلەشتۈرىدىغان بوز يەر 60 گېكتاردىن ئېشىپ 130 گېكتارغا يەتمىسە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛ 130 گېكتاردىن ئېشىپ 600 گېكتارغا يەتمىسە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛

(4) بىڭتۇەن سىستېمىسىنىڭ بىر يولىلا ئۆزلەشتۈرىدىغان بوز يېرى 300 گېكتاردىن تۆۋەن بولسا بىڭتۇەن تەستىقلايدۇ؛ 300 گېكتاردىن ئېشىپ 600 گېكتارغا يەتمىسە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ؛

(5) بىر يولىلا ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان بوز يەر 600 گېكتاردىن ئاشسا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن گوۋۇيۈەنگە تەستىقلىتىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتا دېيىلگەن بىر يولىلا ئۆزلەشتۈرۈش بىر تۈر ئۈچۈن، بىر پارچە يەردىكى ئۆزلەشتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

27 ـ ماددا بوز يەر ئاچقاندىن كېيىن، تۇپراق قۇملىشىش، شورلىشىش ۋە سۇ ـ تۇپراق ئېقىپ كېتىش قاتارلىق يەر ئېغىر دەرىجىدە ناچارلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ، بوز يەر ئاچقۇچىنى ئوت ـ چۆپ تېرىپ ۋە دەل ـ دەرەخ تىكىپ، يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ.

28 ـ ماددا تەستىق ئارقىلىق بوز يەر ئېچىشتا، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، ئەسلى تەستىقلىغان خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، شۇ جايدىكى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر ئىشلەتكۈچىنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

(1) يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى دەسلەپتە تەكشۈرۈپ، ئۆزلەشتۈرۈش دائىرىسىنى بېكىتكەندىن كېيىن، ئىككى يىلغىچە ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن بولسا؛

(2) يەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى خالىغانچە

ئۆزگەرتىلگەن بولسا؛

(3) ئۆزلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن يەر ئۇدا ئىككى يىلغىچە تېرىماي تاشلاپ قويۇلغان بولسا.

29 - ماددا يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتى يەر بايلىقىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشى، قانۇنسىز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان قىلمىشلارنى چەكلىشى كېرەك. يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ھەرقانداق سەۋەب ۋە شەكىل بىلەن تەستىقلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

30 - ماددا كولاش، ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىش، بېسىۋېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن يەر بۇزۇلۇپ كەتسە، يەر ئىشلەتكۈچى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى؛ ئەسلىگە كەلتۈرۈش شارائىتى يوقلار ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغانلار يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققى تۆلىشى كېرەك، بۇ پۇل يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكىلا ئىشلىتىلىدۇ. يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىنىڭ كونكرېت ئۆلچىمىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بېكىتىدۇ.

## 5 - باب قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىش

31 - ماددا قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىشتە، يېزا ئىگىلىك يېرىنى قۇرۇلۇش يېرىگە ئۆزگەرتمەكچى بولغاندا، تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش كېرەك:

(1) يېزا (بازار) نىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا بېكىتىلگەن كەنت، بازار قۇرۇلۇش يېرى دائىرىسىدە، يېزا (بازار)، كەنت كارخانىلىرى، يېزا - كەنت ئاممىۋى ئەسلىھەلىرى، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى، يېزا يوللىرى، سۇچىلىق قاتارلىق ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆي سېلىشى ئۈچۈن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى يەرنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە يەردىن پايدىلىنىش يىللىق پىلانىدا بېكىتىلگەن تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى ئىچىدە تەستىقلايدۇ؛

(2) يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا بېكىتىلگەن شەھەر قۇرۇلۇشىغا يەر ئىشلىتىش كۆلىمى دائىرىسىدە، شۇ پىلاننى يولغا قويۇش ئۈچۈن يەر ئىشلىتىش توغرا كەلسە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ، قانۇن، نىزاملاردا گوۋۇيۈەن تەستىقلايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنلىرى شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

32 - ماددا كونكرېت قۇرۇلۇش تۈرىگە يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا بېكىتىلگەن شەھەر قۇرۇلۇشى يېرى دائىرىسىدىكى دۆلەت قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر بىلەن تەمىنلەش لايىھىسىنى تۈزۈپ، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان ئېنېرگىيە، قاتناش، سۇچىلىق قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە يەر ئىشلىتىشنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ.

33 - ماددا كونكرېت قۇرۇلۇش تۈرىگە يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا بېكىتىلگەن دۆلەت ئىلكىدىكى پايدىلىنىلمىغان يەرنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، شۇ جايدىكى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىش كېرەك. قانۇن بويىچە گوۋۇيۈەن تەستىقلايدىغانلىرىدىن باشقىلىرىنى تۆۋەندە بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ:

(1) يېزا (بازار)، كەنت كارخانىلىرى، يېزا - كەنت ئاممىۋى ئەسلىھەلىرى، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى، يېزا يوللىرى، سۇچىلىق قاتارلىق ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا ۋە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆي سېلىشىغا يەر ئىشلىتىشنى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ؛

(2) ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان قۇرۇلۇش تۈرىگە يەر ئىشلىتىشنى ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەستىقلايدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ؛

(3) ئاپتونوم رايونلۇق، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ياكى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەستىقلىغان قۇرۇلۇش تۈرى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) ھالقىغان قۇرۇلۇش تۈرىگە يەر ئىشلىتىشنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ.

34 - ماددا بىڭتۇەن سىستېمىسىدا قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان يەر يېزا ئىگىلىك يېرىنى قۇرۇلۇش يېرىگە ئۆزگەرتىشكە چېتىلسا، دۆلەت تەستىقلىغان بىڭتۇەننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا بېكىتىلگەن قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىش كۆلىمى دائىرىسى ئىچىدە، يەردىن پايدىلىنىش يىللىق پىلانىغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە تەستىقلىتىلىدۇ:

(1) ئاساسىي ئېتىزدىن باشقا 20 گېكتاردىن تۆۋەن تېرىلغۇ يەرنى، 50 گېكتاردىن تۆۋەن باشقا يەرنى ئىشلىتىشنى بىڭتۇەن تەستىقلايدۇ؛

(2) ئاساسىي ئېتىزدىن باشقا 20 گېكتاردىن يۇقىرى تېرىلغۇ يەرنى، 50 گېكتاردىن يۇقىرى باشقا يەرنى ئىشلىتىشنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلايدۇ.

35 - ماددا دۆلەت قۇرۇلۇشىغا يەر ئېلىپ ئىشلىتىشتە تۆۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە يەر تۆلەم ھەققى تۆلىنىدۇ:

(1) ئاساسىي ئېتىزنى ئېلىپ ئىشلەتكەندە، شۇ جايدىكى تېرىلغۇ يەر يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 8 - 10 ھەسسىسى بويىچە تۆلەم تۆلىنىدۇ؛

(2) ئاساسىي ئېتىزدىن باشقا سۇغىرىلىدىغان تېرىلغۇ يەر، بېلىق كۆلچىكىنى ئېلىپ ئىشلىتىشتە، شۇ جايدىكى تېرىلغۇ يەر يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 7 - 9 ھەسسىسى بويىچە تۆلەم تۆلىنىدۇ؛

(4) ئورمان يېرى، سۈنئىي ئوتلاق، ئۆي يېرى، يېزا - كەنت يوللىرى، خامان قاتارلىق يەرلەرنى ئېلىپ ئىشلىتىشتە، شۇ جايدىكى تېرىلغۇ يەر يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 6 - 7 ھەسسىسى بويىچە تۆلەم تۆلىنىدۇ؛

(5) تەبىئىي ئوتلاقنى ئېلىپ ئىشلىتىشتە، شۇ جايدىكى ئوتلاق يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئالتە ھەسسىسى بويىچە تۆلەم تۆلىنىدۇ.

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەستىقلىغان قاتناش، سۇچىلىق قاتارلىق چوڭ - چوڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ئالدىنقى تارماقنىڭ (1)، (2)، (3)، (4) تارماقچىلىرىدىكى يەرلەرنى ئېلىپ ئىشلىتىشتە، تۆلەم ئۆلچىمى شۇ جايدىكى تېرىلغۇ يەر يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئالتە ھەسسىسى بويىچە بولىدۇ.

ھەر خىل تېرىلغۇ يەر، ئوتلاقنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى ئېلىپ ئىشلىتىشتىن بۇرۇنقى ئۈچ يىلنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق مەھسۇلات قىممىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قەرەللىك ئېلان قىلىدۇ.

36 - ماددا ئېلىپ ئىشلىتىلگەن يەردىكى مايسا ۋە قوشۇمچە نەرسىلەرگە تۆۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە تۆلەم تۆلىنىدۇ:

(1) ئادەتتىكى زىرائەت كۆك مايسىسىغا بېرىلىدىغان تۆلەم ھەققى شۇ زىرائەتنىڭ ئالدىنقى ئۈچ يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى بويىچە بولىدۇ. كۆپ يىللىق زىرائەت مايسىسىغا شۇ زىرائەتنىڭ ئالدىنقى ئۈچ يىللىق ئوتتۇرىچە يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2 - 3 ھەسسىسىگىچە تۆلەم تۆلىنىدۇ.

(2) ئېلىپ ئىشلىتىلگەن يەر ئۈستىدىكى بىنا، قۇرۇلما، باشقا ئەسلىھە ۋە دەل - دەرەخلەرگە ئەمەلىي زىيانغا قاراپ، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە تۆلەم تۆلىنىدۇ.

ئېلىپ ئىشلىتىلىدىغان يەردىكى قەبرىنى كۆچۈرۈشكە توغرا كەلسە، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى چەكلىك مۇددەتتە كۆچۈرۈش ھەققىدە ئېلان چىقىرىدۇ ھەم ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە قەبرە كۆچۈرۈش ھەققى بېرىدۇ. مۇددىتى ئۆتۈپ كەتسىمۇ كۆچۈرمىگەن ۋە ئىگىسى چىقمىغان قەبرىنى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ ۋاكالىتەن كۆچۈرۈپ قويىدۇ.

37 - ماددا تېرىلغۇ يەر ئېلىپ ئىشلىتىشتە بېرىلىدىغان ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ 47 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە بېرىلىدۇ. يېرى ئېلىنغان ئورۇننىڭ يېرى ئېلىنىشتىن ئىلگىرى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يېرى 0.1 گېكتارغىمۇ يەتمىسە، ئو-

رۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىشكە بولىدۇ، لېكىن يەر تۆلەم ھەققى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلىنىڭ يىغىندىسى يېرى ئېلىنىشتىن بۇرۇنقى ئۈچ يىللىق ئوتتۇرىچە يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 30 ھەسسىسىدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ.

بېلىق كۆلچىكىنى ئېلىپ ئىشلىتىشتە، ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەر ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ. ئورمان يېرى، ئوتلۇقنى ئېلىپ ئىشلىتىشتە بېرىلىدىغان ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى تېرىلغۇ يەر ئېلىپ ئىشلىتىشتە بېرىلىدىغان ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆي يېرى، يېزا، كەنت يوللىرى ۋە خامانلارنى ئېلىپ ئىشلىتىشتە، ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى بېرىلمەيدۇ.

**38 ـ ماددا** دۆلەتنىڭ قورۇلۇشىغا دۆلەت ئىلكىدىكى تېرىلغۇ يەر ياكى باشقا يېزا ئىگىلىك يېرىنى ئىشلىتىشتە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە، مۇۋاپىق تۆلەم تۆلىنىدۇ.

**39 ـ ماددا** يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادى تەشكىلاتلىرىنىڭ يېرى ئېلىپ ئىشلىتىلسە، يەر تۆلەم ھەققى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادى تەشكىلاتلىرىغا بېرىلىدۇ؛ يەردىكى قوشۇمچە نەرسىلەر ۋە مايسىلارنىڭ تۆلەم ھەققى ئۇنىڭ ئىگىدارلىرىغا بېرىلىدۇ.

يېرى ئېلىپ ئىشلىتىلگەن يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادى تەشكىلاتى يەر تۆلەم ھەققىنىڭ كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىنى شۇ كوللېكتىپ ئىقتىسادى تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىغا ئېلان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. يېرى ئېلىپ ئىشلىتىلگەن ئورۇننىڭ يەر تۆلەم ھەققى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ھەقلىرىنى ئىگىلىۋېلىش، ئىشلىتىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**40 ـ ماددا** يېرى ئېلىپ ئىشلىتىلگەن ئورۇنلاردىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىكلەرنى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادى تەشكىلاتى ئورۇنلاشتۇرسا، ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادى تەشكىلاتىغا بېرىلىدۇ. بۇنى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادى تەشكىلاتى قانۇن بويىچە باشقۇرىدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ؛ باشقا ئورۇنلار ئورۇنلاشتۇرسا، ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى شۇ ئورۇنغا بېرىلىدۇ؛ ھېچ تۈتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولمىسا، ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان شەخسلەرگە بېرىلىدۇ ياكى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سوغۇرتا ھەققىنى تۆلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى جايىغا ئىشلىتىلىشى، باشقا ئىشقا ئىشلىتىلمەسلىكى شەرت.

شەھەرلىك، ناھىيىلىك ۋە يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشى لازىم.

**41 ـ ماددا** ئېلىپ ئىشلىتىلىدىغان ياكى ئايرىپ بېرىلىدىغان يەرنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكى ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش يۈز بەرسە، يەر ئىشلىتىش رەسمىيىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە بېجىرىلسە بولىدۇ ھەم تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار ھەقلەرنى قانۇن بويىچە ئېلىپ، تالاش ـ تارتىش ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئالاقىدارلارغا بېرىدۇ.

**42 ـ ماددا** ئورمان يېرى، ئوتلۇقنى قورۇلۇشقا ئىشلىتىشتە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەكشۈرگەندىن كېيىن، قورۇلۇش يېرىنى تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى يەر باشقۇرۇش قانۇن، نىزاملىرى بويىچە بېجىرىش لازىم.

دۆلەت ئىلكىدىكى ئورمان يېرى، ئوتلۇقنى ئىشلەتكەنلەردىن ئېلىنغان تۆلەم ھەققى ئورمان يېرى، ئوتلۇق قورۇلۇشىغا ئىشلىتىلىشى ھەم ئەسلىدىكى ئورمان يېرى، ئوتلۇقنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم.

**43 ـ ماددا** دۆلەت قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە يەرنى ئېلىپ ئىشلەتكەندىن كېيىن، ئېلىپ ئىشلىتىلگەن يەرنىڭ ھوقۇق ئىگىسى، يەر ئىشلىتىش ھوقۇق ئىگىسى يەر ھوقۇقى تەۋەلىك گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا بېرىپ، يەر تۆلىمىنى تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى لا-

زىم.

44 - ماددا ئېلىپ ئىشلىتىلگەن ۋە ئايرىپ بېرىلگەن يەرگە قانۇن بويىچە تۆلەم تۆلەنگەندىن كېيىن، يېرى ئېلىپ ئىشلىتىلگەن، ئايرىپ ئىشلىتىلگەن ئورۇن ۋە شەخسنىڭ قۇرۇلۇش قىلىشقا ھەرقانداق سەۋەب بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

45 - ماددا يېڭىدىن قوشۇلغان قۇرۇلۇش يېرىنى ھەقلىق ئىشلىتىش ھەققىنىڭ بەلگىلىمە بويىچە مەركەز مالىيىسىگە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىنكى قالدۇقىنىڭ 20% ى بويىچە ئاپتونوم رايون مالىيىسىگە، 20% ى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر مالىيىسىگە تاپشۇرۇلۇپ، 60 % ى ناھىيە (شەھەر) مالىيىسىگە قالدۇرۇلۇپ، تېرىلغۇ يەر ئېچىشقىلا ئىشلىتىلىدۇ.

46 - ماددا يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆي يېرى كۆلىمى تۆۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە بولىدۇ (كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ناھىيىنى بىرلىك قىلغان ھالدا ھېسابلىنىدۇ):

(1) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 0.04 گېكتاردىن تۆۋەن بولسا، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆي يېرى 200 كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ؛

(2) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 0.04 گېكتاردىن يۇقىرى، 0.07 گېكتاردىن تۆۋەن بولسا، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆي يېرى 300 كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ؛

(3) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 0.07 گېكتاردىن يۇقىرى، 0.1 گېكتاردىن تۆۋەن بولسا، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆي يېرى 400 كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ؛

(4) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 0.1 گېكتاردىن يۇقىرى، 0.14 گېكتاردىن تۆۋەن بولسا، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆي يېرى 500 كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ؛

(5) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 0.14 گېكتاردىن يۇقىرى، 0.34 گېكتاردىن تۆۋەن بولسا، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆي يېرى 600 كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ؛

(6) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىغلۇ يەر 0.34 گېكتاردىن يۇقىرى بولسا، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆي يېرى 800 كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ.

پايدىلانمىغان يەرگە ئۆي سالىدىغانلارنىڭ ئۆي يېرى ئۆلچىمى مۇۋاپىق كەڭ قويۇپ بېرىلسە بولىدۇ، لېكىن ئەڭ يۇقىرى بولغاندا يۇقىرىقى تارماقتا بەلگىلەنگەن ئۆلچەمنىڭ بىر ھەسسىسىدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ.

ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى مۇشۇ ماددىنىڭ 1 - تارمىقىدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم ئىچىدە، يېزا - كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆي يېرى ئۆلچىمىنى كونكرېت بەلگىلىسە بولىدۇ.

## 6 - باب نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش

47 - ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تۆۋەندىكى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزىدۇ:

(1) يەرگە ئائىت قانۇن، نىزام، سىياسەتلەرنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش؛

(2) يەرگە ئائىت قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلاردىن پاش قىلىنغان، شىكايەت قىلىنغانلىرىنى قوبۇل قىلىش؛

(3) يەرگە ئائىت قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى چەكلەش، يەرگە ئائىت قانۇنغا خىلاپ دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش؛

(4) ئەدلىيە ئورگىنى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلار تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىغان يەر مەسىلىسىگە چېتىشلىق دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ھەمكارلىشىش؛

(5) تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ يەر باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش؛

(6) شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى دەرىجىلىك يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى باشقا ئالاقىدار تارماقلارغا نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش تەكلىپى بېرىش؛

(7) قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈش.

48 - ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەرگە ئائىت قانۇنغا خىلاپ دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغاندا، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ 67 - ماددىسى ۋە «يولغا قويۇش نىزامى» نىڭ 32 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن سىرت، تۆۋەندىكى

تەدبىرلەرنى قوللانسىمۇ بولىدۇ:
(1) قۇرۇلۇش قىلىدىغانلار ئۇرۇن ياكى
شەخسلەر قانۇنسىز ئىگىلەپ ئىشلىتىۋالغان يەرگە يې-
ڭىدىن سالغان بىنا ۋە باشقا ئەسلىھەلەرنى بەلگىلەنگەن
ۋاقىت چېكى ئىچىدە چۇۋۇۋېتىشنى رەت قىلىپ داۋاملىق
قۇرۇلۇش قىلدۇرۇۋەرسە، جازا قارارى چىقارغان يەر مە-
مۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۇنى چەكلەشكە ھوقۇقلۇق
ھەمدە قۇرۇلۇش قىلىشقا ئىشلەتكەن ئەسلىھە، بىنا-
كارلىق ماتېرىياللىرىنى پېچەتلىسە بولىدۇ، زورلۇق تې-
پىلغاندا، قانۇنغا خىلاپ قىلىمىش سادىر قىلغانلارغا
مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللىنىشنى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا
ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛
(2) ئالاقىدارلار تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلى-
نىشنى قوبۇل قىلىش مەزگىلىدە، دېلوغا مۇناسىۋەتلىك
مالنى سېتىۋەتكەن، پۇلنى يۆتكىۋەتكەن بولسا، ئۇلار-
نىڭ بانكا ئىسچوتىنى توڭلىتىۋېتىشنى خەلق سوت
مەھكىمىسىگە قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

**49 ـ ماددا** يەر مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى نا-
زارەت قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىدە يەرگە ئائىت قانۇنغا
خىلاپ قىلمىشلاردىن جىنايەت شەكىللەنگەنلىكىنى باي-
قىسا، بايقىغان كۈنىدىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە دېلونى
ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، جىنايى جاۋاب-
كارلىق قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ؛ جىنايەت شە-
كىللەندۇرمىگەن بولسا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا
بېرىش كېرەك.

**50 ـ ماددا** يەر باشقۇرۇش بويىچە نازارەت قىلى-
لىپ تەكشۈرۈش خادىملىرى ئىش ئورنىدا تەربىيىلى-
نىپ، سىناپ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن
كىنىشكا بىلەن ئىشقا چىقىشى لازىم.
يەر باشقۇرۇش بويىچە نازارەت قىلىپ تەك-
شۈرۈش خادىملىرى ۋەزىپە ئادا قىلغاندا يەرگە ئائىت قا-
نۇننى ئىجرا قىلىش بەلگىسىنى بىر تۇتاش تاقىشى،
قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشى
لازىم.

## 7 ـ باب قانۇن جاۋابكارلىقى

**51 ـ ماددا** «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە ئۇنى
«يولغا قويۇش نىزامى» شۇنىڭدەك مۇشۇ چارىگە خىلاپ-
لىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر-
قىلغانلارغا، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە «يولغا قويۇش
نىزامى» دىكى ئالاقىدارلار بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرى-
لىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جەرىمانە قويۇشقا تېگىشلىكلە-
رىگە قويۇلىدىغان كونكرېت جەرىمانە سوممىسى تۆۋەن-
دىكىدەك بولىدۇ:
(1) يەرنى ئېلىپ ساتقان ياكى باشقا شەكىل-
لەر بىلەن قانۇنسىز ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلەرگە قانۇنغا خىلاپ
تاپاۋىتىنىڭ 10% تىن يۇقىرى، % 50 تىن تۆۋەن جە-
رىمانە قويۇلىدۇ.
(2) تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلەپ خۇمدان سې-
لىپ، قەبرە قوپۇرۇپ ياكى تېرىلغۇ يەردە ئۆز مەيلىچە
ئۆي سېلىپ، قۇم ـ شېغىل ئېلىپ، تاش، رۇدا قېزىپ
، توپا ئېلىپ ۋە باشقا ئىشلارنى قىلىپ، تېرىقچىلىق
شارائىتىنى بۇزغانلار ياكى يەر ئاچىمەن دەپ، يەرنى
چۆللەشتۈرۈۋەتكەن، شورلاشتۇرۇۋەتكەنلەرگە تېرىلغۇ
يەر بىنا قىلىش ھەققىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى،
ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛
(3) بۇزۇلغان يەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلارغا بۇزۇلغان يەرنى ئەس-
لىگە كەلتۈرۈش ھەققىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى
، ئىككى ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛
(4) تەستىقلاتماي تۇرۇپ ياكى ئالدامچىلىق
ۋاسىتىسى بىلەن تەستىقلىتىۋېلىپ، يەرنى قانۇنسىز
ئىگىلەپ ئىشلىتىۋالغانلارغا قانۇنسىز ئىگىلەپ ئىش-
لەتكەن يېرىنىڭ ھەر كۋادرات مېتىرىغا بەش يۈەندىن
يۇقىرى، 30 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛
(5) تەستىقلاتماي تۇرۇپ يەر ئۆزلەشتۈرگەن
ياكى ئۆزلەشتۈرۈش مەنئى قىلىنغان يەرنى ئۆزلەشتۈر-
گەنلەرگە قانۇنسىز ئۆزلەشتۈرگەن يېرىنىڭ ھەر كۋاد-
رات مېتىرىغا ئۈچ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**52 ـ ماددا** ئالاقىدارلار مەمۇرىي جازا قارارىغا
قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ
چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى خەلق سوت مەھكە-
مىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ؛ مۆھلەت توشقىچە مەمۇرىي
قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا، دەۋا قىل-
مىسا، مەمۇرىي جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا، مە-
مۇرىي جازا قارارى چىقارغان ئورگان خەلق سوت مەھ-
كىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىل-
تىماس قىلىدۇ.

## 8 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**53 ـ ماددا** بۇ چارە 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ
1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

—«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش ۋە بۇ ژۇرنالنىڭ قازاقچىسىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز (قىسقارتىلمىسى)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى

لى فېڭزى



«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى، شىنجاڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى مۇھىم بىر تەشۋىقات، جامائەت پىكرى بازىسى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ژۇرنال ئىدارىسىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، تەشۋىقات سۈپىتى مەزمۇت قەدەم بىلەن ياخشىلاندى، تارقىتىلىش نىسبىتى زور دەرىجىدە كۆپەيدى، جەمئىيەتتىكى تەسىرىمۇ كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش، ئاپتونوم رايونىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ يىل ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك ژۇرنال بولۇپ باھالاندى ھەمدە شەخسلەردىن ئۆزى پۇل چىقىرىپ مۇشتەرى بولىدىغانلار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشتەك خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

يېڭى ئەسىر، يېڭى ۋەزىيەت خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويماقتا. ئەسىر ئالمىشىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسىنىڭ بۇ قېتىمقى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش يىغىنىنى چاقىرىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنى تەكلىپ قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ھەققىدىكى تەشۋىقات پىكىر يولى، خەۋەر بېرىش سەنئىتى شۇنىڭدەك ژۇرنالنى تارقىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشنىڭ كونكرېت چارىسى ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىشى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى يېڭى پەللىگە يۈكسىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە

ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئالغا يۈكسەلدۈرۈشتە تېخىمۇ زور رول ئويناتقۇزۇش كېرەك.

1. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىسى

بۇ يىل مەملىكەت بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورنىتىلغىنىغا 45 يىل، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغىنىغا 20 يىل بولدى.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، دۆلىتىمىزدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ۋە تارىخىي تاللاش، پارتىيىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى زور بىر ئالاھىدىلىك ۋە ئۈستۈنلۈك شۇنداقلا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسلىق يولى ۋە شەكلى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشتا، مۇھىمى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپى بويىچە، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى ئومۇمىي خەلق رىئايە قىلىدىغان دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە فاڭجېنلىرىنى قانۇن جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغاندەك، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىشتا ئەڭ مۇھىمى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئەمما، ھازىر بىر مۇنچە كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە بولغان چۈشەنچىسى ۋە توغرا تونۇشى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ، بۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مەزمۇن جەھەتتە چوڭقۇر تەشۋىق قىلمىغانلىقىمىزنى، ۋاستىمىزنىڭ كۈچلۈك بولمىغانلىقىنى، تەشۋىقات يوللىرىمىزنىڭ تازا راۋان بولمىغانلىقىنى، ئۇسۇلىمىزنىڭ بىر خىللا بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز ۋە ياخشىلىشىمىز لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر. خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلى پۈتكۈل جامائەتچىلىكنىڭ ئاساسىي قانۇن ئېڭى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا دۆلىتىمىزدە بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگىنىدۇر، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلار خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، خەلقنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن چىقىرىش، نازارەت قىلىش مۇھىم ئىشلارنى بەلگىلەش ۋە كادىرلارنى تەيىنلەش، قالدۇرۇش قاتارلىق ھوقۇقلارنى يۈرگۈزۈشى خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا خەلقنىڭ ئىرادىسىنى مەركەزلەشتۈرۈش، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۈرۈش، خەلقنىڭ تەلىپىنى ئىنكاس قىلىش شەرت. شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى زىچ دەۋر قىلغان ھالدا جانلىق تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كىتابخانلارنى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى بىلىش، چۈشىنىش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە ئاڭلىق چىڭ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. يىلىغا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە خەلق

قوراللىق ساقچى قوشۇنىنىڭ ئۈستىدىكى بىر ئاساسلىق ئىجرا قىلغۇچى قىسمى. خەلق قوراللىق ساقچى قوشۇنى ۋە ئۇنىڭ ساقچى قوشۇنىنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشىدىكى مۇھىم بىر شەكىل. خەلق قوراللىرى يىغىنىنى باشقا كەسپىي يىغىنلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنى گەۋدىلىك خەۋەر قىلىش كېرەك. يەرلىك قانۇن چىقىرىش، مۇھىم ئىشلارنى بەلگىلەش ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، يەرلىك نىزام، قارار، بېكىتمىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى جانلىق ئېچىپ بېرىپ خەلق ئاممىسىنى دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش جەريانىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. دائىملىق تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، قىرلىسىز ھالدا مەخسۇس ستون تەسىس قىلىپ نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى بېسىپ، خەلق قوراللىرى خىزمىتى ۋە ۋەكىللەرنىڭ پائالىيىتىنى خەۋەر قىلىش كېرەك؛ خەلق قوراللىرى ئېلىپ بارغان قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، ئەدلىيە خىزمىتىنى باھالاش ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلىش كېرەك. كادىرلار ۋە ئاممىغا تەربىيە بېرىپ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوغداپ، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان ۋە تۇرغۇزۇلمىغان قانۇنغا خىلاپ چوڭ ـ چوڭ دېلولارنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك.

2. توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى ئىگىلەش خەلق قوراللىرى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ ئاچقۇچى

باش شۇجى جياڭ زېمىن: «جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكى توغرا بولسا، پارتىيە ۋە خەلققە بەخت كەلتۈرىدۇ؛ جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكى خاتا بولسا، بۇ پارتىيە ۋە خەلققە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.» دەپ كۆرسەتكەنىدى. خەلق قوراللىرى تۈزۈمى تەشۋىقاتىدا تېخىمۇ توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى چىڭ ئىگىلەش كېرەك.

خەلق قوراللىرى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقات سىياسىيلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر خىزمەت. بۇنىڭدا باشتىن ئاخىر سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. ئالدى بىلەن سىياسىي مەيدان، سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي پرىنسىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق قوراللىرى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىگە سىياسىي نەزەر بىلەن قاراش كېرەك. خەلق قوراللىرى خىزمىتى پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، خەلق قوراللىرى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىمۇ پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، خەلق قوراللىرى خىزمىتى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتكەنلىك ئەمەلىيەتتە پارتىيە رەھبەرلىكىنى، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا مېڭىشنى تەشۋىق قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭا بۇ خىزمەتنى سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ياخشى ئىشلەپ، تەشۋىقاتتا، خەۋەر قىلىشتا سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك، خەلق قوراللىرى تۈزۈمى تەشۋىقاتىدا بۇ خىزمەتكە دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ قاراش كېرەك، بۇ خىزمەتكە غەربتىكىلەرنىڭ قارىشى ۋە ئەندىزىسى بويىچە قاراشقا ۋە ئۇنىڭ بىلەن شوغۇللىنىشقا بولمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قوراللىرى تۈزۈمىگە غەرب ئەللىرىنىڭ «ئۈچ ھوقۇق تەڭ تۇرۇش» مەيدانىدا تۇرۇپ قارايدىغان ئاشۇنداق ماقالىلەرنى قەتئىي باسماسلىق كېرەك. بۇ پرىنسىپاللىق مەسىلە. ئۈچىنچىدىن، توغرىلىققا دىققەت قىلىش كېرەك. خەلق قوراللىرى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلغاندا بولۇپمۇ دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ھەققىدە خەۋەر بەرگەندە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەك بولۇپ، مەركەزنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك، تەشۋىقاتتا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

بىر تەرەپتىن، پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تۈزۈپ، قانۇنىي تەرتىپ ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار تۈزۈلگەندىن كېيىن پارتىيىمۇ ئاساسىي قانۇنغا نەمۇنىلىك بىلەن ئەمەل قىلىشى كېرەك. بۇمۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ئىچكى ئامىلى. تۆتىنچىدىن، جىددىيلىككە دىققەت قىلىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئېلان قىلغان ھۆججەت ۋە ئاخبارات نوپۇزغا ئىگە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە بەرگەن پىكرى قانۇنىي كۈچىگە ئىگە، بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقاتتا پوزىتسىيە جىددىي بولۇش، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەك.

جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكى مەسىلىسىدە سىياسىيغا ئىزچىل ئەھمىيەت بەرگەندىن سىرت يەنە بەدئىيلىككە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقات ئىنتايىن كۈچلۈك سىياسىيلىققا ئىگە بولغاچقا ئەستايىدىل بولمىسا دىپ ئاشۇرۇۋېتىدىغان، يېتەرلىك دەرىجىدە جانلىق بولالمايدىغان ئەھۋال ئاسانلا كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا تەشۋىقاتتا جانلىقلىق ۋە قىزىقارلىق بولۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. نوقۇل قانۇن ھەققىدىكى تەشۋىقات تولىمۇ مەنىسىز بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى بەزىدە چۈشىنىشمۇ قىيىن بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھال بىزدىن قانۇن ماددىلىرىنى ئېلان قىلىش خىزمىتىنى ئەمەلىيەت، ئامما ۋە پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ماددىلارنى كۆپ قاتلام، كۆپ شەكىل، كۆپ نۇقتىدىن تەشۋىق قىلىپ، پۇقرالارنى چۈشىنىپ شۇ بويىچە ئىش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىزچىللىققا دىققەت قىلىش كېرەك. ھەر يىلى ئېچىلغان ئىككى يىغىننى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىش كېرەك. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇنى توختىماي قويماي داۋاملاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈش كېرەك.

3. ژۇرنالنى تارقىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى

بۇ ژۇرنال ھەر قانچە ياخشى چىقىرىلسىمۇ ئۇنىڭ يېتەرلىك تىراژى بولمىسا، تەشۋىقات رولىنى ئوينىيالمايدۇ. شۇڭا بىز تارقىتىش خىزمىتىنى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇپ، تارقىتىش خىزمىتىگە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكى مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان بىردىنبىر ژۇرنال، شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتى، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ھەتتا يېزا بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ ئالاقىلىشىشىنى، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشىنى، ئورتاق ئۆسۈشىنى كۈچەيتىدىغان مۇھىم كۆۋرۈك. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقات خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، يۇقىرى تۆۋەن بىردەك كۈچ چىقىرىپ، تارقىتىش خىزمىتىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلىشى لازىم.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاچقۇچ رەھبەرلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، خادىملارنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، تەدبىرنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، خىزمەتلەرنىڭ پۇختا ئىشلىنىشىدە. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى (خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتى)، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىدە بىر نەپەر ئاساسىي مەسئۇل بۇ خىزمەتنى تۇتۇشى لازىم ھەمدە تارقىتىش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولىدىغان مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، ژۇرنالنىڭ تىراژىنى بۇ يىلقى ئاساستا كېمەيتمەستىن كۆپىيىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. جايلار «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ تەشۋىقات پىكىر يولى ۋە خەۋەر قىلىش ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر، كەڭ تەشۋىق قىلىپ، تارقىتىلىش دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، مۇدىر ھامـ

[illegible] 60 [illegible]

ئارتۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى بولۇش نىشانىنى تىرىشىپ بالدۇر ئىشقا ئاشۇرۇشى ھەمدە تارقىتىلىش دائىرىسىنى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە قاتارلىق سىستېمىلارغىچە تەدرىجىي كېڭەيتىپ، تارقىتىش خىزمىتىنى كېلەر يىلى يەنە بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تىرىشىشى لازىم.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ قازاقچىسىنى نەشر قىلىشنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قازاق ۋەكىللىرى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگەن تەكلىپ، بۇ يىل بۇ ژۇرنال ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق دۆلەت ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان بولدى. بۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكى قازاق خەلقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى بىر خۇشاللىق، شۇنداقلا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بىر چوڭ ئىشى، قازاق خەلقى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتلىرى، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى قازاقچىسىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كېلەر يىلى تارقىتىلىش سانىنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسى بىلەن بىرلىكتە يۇكسەلدۈرۈپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ھەر مىللەت ئوقۇرمەنلىرى ياقتۇرىدىغان ژۇرنال قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

يىغىنغا تولۇق مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.



(بېشى 45 - بەتتە)

مەزمۇنى جەھەتتىمۇ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى يېڭى تەرەققىيات، يېڭى بۆسۈش، يېڭى ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىجتىمائىي پىسخىكا ۋە جامائەت پىكرى قىزىق نۇقتىلىرىنى بايقاشقا، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىشقا ماھىر، ئۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ قاتلاملىق تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلق ئارىسىدىن كېلىدىغانلىقىنى، خەلققە ۋاكالىتەن ھوقۇق يۈرگۈزىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك خەلقنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ماھىيىتىنى تىرىشىپ نامايان قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت يېڭى تېمىلارنى قېزىشقا، يېڭى كۆز قاراشلارنى ئىزدەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى ئۇسلۇبلاردىن پايدىلىنىپ ياخشى ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى يېتەكلەپ، رىغبەتلەندۈرۈپ، تەسىرلەندۈردى.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ قازاقچىسىنىڭ رەسمىي تارقىتىلىشى، پۈتكۈل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بولۇپمۇ ئىلى قازاق مىللىتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان تونۇشى، چۈشىنىشى ۋە ئەھمىيەت بېرىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېموكراتىك قانۇنچىللىق كۆز قارىشى ۋە ئېڭىنى، ۋىلايەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ. ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ ۋىلايىتىمىزدە تارقىتىلىشىنى ئىزچىل قوللايدۇ.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ بارغانسېرى تېخىمۇ ياخشىلىنىشى، تارقىتىش خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن!

# «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش خىزمىتى ۋە بۇ ژۇرنالنىڭ قازاقچىسىنىڭ تارقىتىلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

زاقان ئۇمار



«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەشردىن چىققاندىن بۇيان، دەۋر يۈزلىنىشىنى ياخشى ئىگىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن دېموكراتىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەشۋىق قىلىپ، مەركەز بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز رەھبەرلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزلىرىنى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن تۈرلۈك يەرلىك نىزاملارنى ئېلان قىلدى؛ جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىش جەھەتتە ياخشى ئۇسۇللارنى تونۇشتۇرۇپ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىدى. ژۇرنال ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتچىلىرى ئوقۇشقا تېگىشلىك ھەم قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇشلۇق، بىزنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىمىز ۋە دوستىمىز. ئۇ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئىشەنچلىك ياردەمچىسى بولۇپلا قالماي، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى، ئورنىنى، رولىنى چۈشىنىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، جەمئىيەتنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشتە، شىنجاڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ياخشىلاشتا، شىنجاڭدىكى جايلارنىڭ قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتەك ئاساسىي ئىستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى ۋە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى بىلەن، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ قازاقچە نەشرى بۇ يىلدىن باشلاپ تارقىتىلدى. بۇ پۈتكۈل شىنجاڭدىكى قازاق كادىرلىرى بىلەن ئاممىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى خۇشاللىنارلىق چوڭ ئىش، ئۇنىڭ نەشر قىلىنىشى شىنجاڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلى-

قىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقتا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ قازاقچە نۇسخىسى نەشر قىلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا پۈتكۈل ئوبلاستتىكى ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوملار، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى ئالاھىدە مەسلىھەتلەشتۇق، ناھىيە، شەھەرلەردىن كەلگەن يولداشلار بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئاكتىپ پوزىتسىيە بولۇپ، مۇشتەرى بولۇش مەسئۇلىيىتىنى تېزلا ئەمەلىيلەشتۈردى. ھازىر بۇ ژۇرنال مۇشتەرىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئوبلاستىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ژۇرنالنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ مۇكاپاتلىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەلىپىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن چىقىرىلغان ئايلىق (قازاقچە نەشرى ھازىرچە قوش ئايلىق) ژۇرنال. ئۇ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن خىزمەت ۋەزىپىسىنى يۈرگۈزۈشى ۋە دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشى، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ھەققىدىكى تەشۋىقات خەۋەرلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئىنتايىن مۇھىم بۇرچ ھەم ۋەزىپە، ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك، دائىملىق، كەڭ دائىرىلىك ۋە چوڭقۇر ۋەزىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەشۋىقات ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنى قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىيالايدىغان، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان قىلىش، كادىرلارنى قانۇنغا باشلامچىلىق بىلەن بويسۇنىدىغان ھەم ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلالايدىغان قىلىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتا، ئەڭ مۇھىمى ئاساسىي قانۇن يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمىنى چىقىش قىلىپ، خەۋەرنىڭ ساپاسى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆلچەش كېرەك. جامائەت پىكرىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكچى قىلىش، پارتكومنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە ئېتىبار بېرىشكە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ۋە قوللاشقا، پارتكوملارنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا يېتەكلەش كېرەك. ژۇرنالنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش، ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، تەشۋىقاتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەشۋىقاتتا مۇھىم نۇقتىنى جايلارنىڭ ۋە يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ھەم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىنى تەشۋىق قىلىشقا قارىتىپ، ژۇرنالنى دەۋر بىلەن، جەمئىيەت بىلەن، ئامما بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ كۈچلۈك رېئاللىققا، قاراتمىلىققا، زامانىۋىلىققا ئىگە قىلىش ئارقىلىق، ياخشى تەشۋىقات ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەرتىپلىك خاراكتېردىن ماھىيەتلىك باسقۇچقا تەرەققىي قىلدى، جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تولۇق خىزمەت ھوقۇقلىرىنى تولۇق يۈرگۈزدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى بارغانسېرى نامايان بولدى. مېنىڭچە، بۇندىن كېيىنكى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنال تەشۋىقاتتا مەزمۇنى ئادەتتىكىچە

قىلىپلىشىپ قالغان ئىشلارنى ئاز خەۋەرلىشى، تېپىك، مەزمۇنى چوڭقۇر خەۋەرلەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشى، بولۇپمۇ ئايرىم دېلولارنى نازارەت قىلىش ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى چوڭقۇر خەۋەر قىلىشى، جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشتىكى تىپىك ئىش-ئىزلىرىنى مۇھىم ئورۇندا نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئىنكاسىنى، ئىش-ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەرلەشنى كۈچەيتىش؛ نۆۋەتتىكى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئەمەلىيىتىدىكى مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا ھەم قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرگە قارىتا ئىزدىنىشنى كۈچەيتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تەشۋىقات ئىمكانقەدەر جانلىق، مەزمۇنى يېڭى بولۇشى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان، ئۇلاردا يېڭى سەزگۈر ۋە ئوي پەيدا قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. ماقالىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۇيۇشتۇرۇپ، ژۇرنال چىقىرىشتىكى پاسسىپ ھالەتتىن بارا-بارا قۇتۇلۇپ، ماقالە يېزىش دائىرىسىنى بارغانسېرى كېڭەيتىش، ماقالە مەزمۇنىنى بېيىش، شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش خىزمىتى ۋە قازاقچە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ۋە تارقىتىلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئېچىلىشى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئوبلاستىمىزغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ ھەم ئوبلاستىمىزنى قوللىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىغا بېرىلگەن ئىلھام ۋە مەدەت ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاستىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، خىزمەتنى كۈچەيتىپ، تارقىتىلىش كۆلىمىنى ئىلگىرىلەپ كېڭەيتىپ، ئۇنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئاكتىپلىق بىلەن تەتقىق قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي قانۇن بىلەن قانۇنلاردا بېرىلگەن مەسئۇلىيىتىنى تىرىشىپ ئادا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقلىرىنى ئەترابلىق، ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتنى ھەم مۇقىملىقنى كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئالغا سۈرۈشتىكى رولىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

---

(بېشى 55 - بەتتە)

گىنىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىپ، يۇقىرىنىڭ تەلىپى بويىچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ئۆگىنىش ھەققىدە تۈردە چىڭ تۇتۇلغانلىقتىن، ئۆگىنىش پائالىيىتى ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ، بىر جەھەتتىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ۋەكىللەرنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. يەنە بىر جەھەتتىن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ئورۇن، تارماقلارنىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھىم رولىغا بولغان تونۇشى، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»غا مۇشتەرى بولۇش ئاڭلىقلىقى ئۆستۈرۈلۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

بۇ يىل ناھىيىمىز تۆت تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ قولىدا بىردىن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ئۆگىنىشنى تۈزۈم قىلىپ بېكىتىش، ئۇنى يېزا-بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ۋە كادىرلارنى تەكشۈرۈپ باھالاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى يىلدىن يىلغا ياخشى ئىشلەپ، بۇ ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىمۇ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز.

# «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش ۋە بۇ ژۇرنالنىڭ قازاقچىسىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

جياڭ چۇنلۇن




«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش خىزمەت يىغىنىنى ۋە بۇ ژۇرنالنىڭ قازاقچىسىنى رەسمىي نەشر قىلىپ تارقىتىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىلى ئوبلاستىمىزغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە مەدەت بەرگەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئوبلاستلىق پارتكومغا ۋاكالىتەن بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن !

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئېلىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى شۇنداقلا پارتىيىمىز خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى ئەڭ ياخشى ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پۈتۈن ئوبلاستىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلار دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى روھىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە تۈپ پروگراممىسىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلەت قۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنىڭ يۈكسەكلىكىنى ھىمايە قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى، رولىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق

قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن بو-
يىچە هوقۇق يۈرگۈزۈشىگە هۆرمەت قىلىپ ۋە ئۇنى
قوللاپ، ئاڭلىق هالدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بويىچە
ئىش قىلىشى كېرەك. پۈتۈن ئوبلاستىكى هەر دەرى-
جىلىك پارتكوملار پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىز-
مىتىگە رەهبەرلىك قىلىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەم-
مەللەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى مۇهىم
ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، هەر يىلى خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتلارنى ئاڭلاپ،
ساقلانغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى مۇهاكىمە قى-
لىپ هەل قىلىشى كېرەك. پارتكومدىن بىر مەسئۇل
يولداش.خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ئالاقە قىلىش خىزمە-
تىگە مەسئۇل بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى شۇنىڭدەك ئۇ-
نىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ هوقۇق يۈرگۈزۈش جەريا-
نىدا كۆرۈلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ماسلىشىپ
هەل قىلىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كو-
مىتېتى پارتگورۇپپا شۇجىسى تەڭ دەرىجىلىك پارتكوم-
نىڭ دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىش
تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە-
كىلى هەمدە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى پارتكوم
بەنزىسىنىڭ ئەزاسىلا بولمىسىكەن، مەلۇم زېهنى ۋە ۋاق-
تىنى ئاجرىتىپ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي
كومىتېتىنىڭ مۇهىم پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشى كې-
رەك. هەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىكى تەشۋىقات بۆلۈم-
لىرى دېموكراتىك قانۇنچىلىق تۈزۈمى، خەلق قۇرۇل-
تىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتى ۋە تەتقىقاتىنى تەشۋىقات خىزمە-
تىنىڭ مۇهىم مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، ئوبدان ئورۇن-
لاشتۇرۇپ، قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. هەر
دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى قانۇن- تۈزۈم بىلىمى،
خەلق قۇرۇلتىيى بىلىملىرىنى تەربىيىلەش پىلانىغا
كىرگۈزۈپ، كادىرلارغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىشى
كېرەك. ئاخبارات ئورۇنلىرى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمە-
تىنى پائال تۈردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ
، خەلق قۇرۇلتىيى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى-
تېتى ۋە ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش پائالىيەت-
لەرنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى تەشۋىق قىلىش،
خەۋەر قىلىشنى كۈچەيتىشى، خەلق قۇرۇلتىيى نەزەرىيە
تەتقىقاتى ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇشى كېرەك.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئاپتو-
نوم رايوندىكى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قى-
لىدىغان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېموكراتىيە بىلەن
قانۇنچىلىق جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساسىي
مەزمۇن قىلىدىغان بىردىنبىر ژۇرنال. ئۇ دېڭ شياۋپىڭ
نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمە-
لىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە
قىلىش ئومۇمىي تەدبىرنى زىچ چۆرىدىگەن هالدا كۆپلە-
گەن ئۈنۈملۈك تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەپ، نورغۇن-
لىغان نادىر ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، خەلق قۇرۇلتى-
يىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈمنى تەشۋىق قى-
لىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىز-
مىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش، دېموكراتىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى
سۈرۈشتە رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ ئوقۇر-
مەنلەرنىڭ ياخشى باهاسىغا ئېرىشتى. مەن ئاپتونوم
ئوبلاستلىق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋە
دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇن-
داقلا بۇ ژۇرنالنىڭ سادىق ئوقۇرمىنى بولۇش سۈپىتىم
بىلەن ئۇنىڭدىن كۆپلىگەن بىلىم ۋە تەربىيە ئالدىم. بۇ
قېتىم «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى قازاقچە
نۇسخىسىنىڭ رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى-
نىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر مىليوندىن ئارتۇق قا-
زاق خەلقىغە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ. بۇ خۇشال بولۇشقا ۋە تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان
ئىش. مەن بۇ ژۇرنالنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇب، ئۆزگىچە
ئالاهىدىلىك بىلەن تېخىمۇ ياخشى چىقىرىلىشىغا چىن
قەلبىمدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

# «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

قۇربانجان مەھەممەت



«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى
تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش ۋە بۇ ژۇرنالنىڭ قازاقچە-
سىنى رەسمىي تارقىتىش خىزمىتى يىغىنى بۈگۈن بۇ
يەردە ئېچىلدى. ئالدى بىلەن مەن ئىلى ۋىلايەتلىك پارت-
كوم، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى،
مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتناشقان ئاپ-
تونوم رايون ۋە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوب-
لاست، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىز-
مىتىدىكى رەھبەرلەر ۋە يولداشلارنى قىزغىن قارشى ئا-
لىمەن! «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ قا-
زاقچىسىنىڭ رەسمىي تارقىتىلغانلىقىنى قىزغىن تەب-
رىكلەيمەن!

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەشر
قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئالا-
قىدار روھى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى تەشۋىق
قىلىش، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتلە-
رىنى ئەكاس قىلىش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە
سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەشۋىق قى-
لىش قاتارلىق جەھەتلەردە زور خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.
بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقات سىستېمىلىق، مۇكەممەل، تېز
ھەم ئۆز ۋاقتىدا بولدى. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»
ژۇرنىلىنىڭ سىياسەتچانلىقى ۋە قانۇنچىلىقى كۈچلۈك
بولۇپ، «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسى-
يالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش» ئېلىپ بېرىلى-
ۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مەيلى ھەر دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتايلىرى بولسۇن ياكى ھۆكۈمەت ئىككى مەھكىمە
بولسۇن، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئورگان خىز-
مەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئالاقىدار خىزمەتلەرنى قا-
نات يايدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ياخشى ئوقۇش-
لۇق ماتېرىيالى، بولۇپمۇ يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمەتچىلىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە
ئىگە خىزمەت كومپاسى.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەش-
ۋىقات شەكلى جەھەتتە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ
ۋە ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، بەلكى تەشۋىقات

(داۋامى 39 - بەتتە)

# مەسئۇلىيەت، راسخوت ۋە پىلان ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنىڭ يېڭى بالداققا كۆتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى

ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى




1999 - يىلى ئونسۇ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۈيتۇن شەھىرىدە چاقىرغان «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، راسخوت بىر قەدەر قىس بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ناھىيە بويىچە 633 مۇشتەرى قوبۇل قىلدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە دائىمىي كومىتېت ئورگىنى، ئالاقىدار ئىدارە (تارماق)لارنىڭ مۇشتەرى بولغىنى 184 بولۇپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى 1995 - يىلى ئاشكارا تارقىتىلغاندىن بۇيان ئەڭ كۆپ مۇشتەرى قوبۇل قىلىنغان بىر يىل بولدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ناھىيە، شەھەرلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەرگە تونۇتۇش ۋە خەۋەردار قىلىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. بۇ جەھەتتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلىمىز ۋە تەسىراتىمىز مۇنداق:

**رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى.**

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ جامائەت پىكرى بازىسى ۋە تەشۋىقات قورالى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىدىغان ياخشى ئوقۇشلۇقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ژۇرنال چىقىرىش يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، ژۇرنال چىقىرىش مەقسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈمنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان. ئۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىنى ۋاقتىدا تەشۋىق

قىلىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يەتكۈزۈپ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى پائال تەشۋىق قىلىپ ۋە ئالماشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلب ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە زور تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ ژۇرنال نەشر قىلىنغاندىن بۇيان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ يۈكسەك ئېتىبار بېرىشىگە ۋە قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولۇپ، ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقى بولۇپ قالدى. دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسى مۇشتەرى قوبۇل قىلىش كونكرېت لايىھىسىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقتى. ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىككى قېتىم مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى، شۇنداقلا دائىمىي كومىتېتنىڭ سانلىق يىغىنىدا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۇختا ئاساس سالدى.

مەسئۇلىيەت، راسخوت ۋە پىلان ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن بىر مۇئاۋىن مۇدىر مۇشتەرى خىزمىتىگە مەخسۇس يېتەكچىلىك قىلغاندىن سىرت، بىر مۇئاۋىن ئىشخانا مۇدىرى ۋە 3 بۆلۈم ئەزاسى، ئىش بېجىرگۈچى مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 10 يېزا - بازاردىمۇ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە مەخسۇس ئادەم قويۇلدى. گەرچە ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادى بىر قەدەر قالاق، مالىيىسىدە قىيىنچىلىق ئىنتايىن ئېغىر بولسىمۇ، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش راسخوتىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇشتەرى بولۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلدۇق. يېزا - بازارلاردىمۇ راسخوت ئىنتايىن قىيىن ئەھۋال ئاستىدا، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، مەخسۇس راسخوت ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بەردى. مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىدە دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسى راسخوتنى بىر تۇتاش يىغىش، بىر تۇتاش مۇشتەرى قوبۇل قىلىش چارىسىنى قوللىنىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش پىلانىنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇندىدۇق. يېزا - بازارلارغا قاراشلىق تارماقلار، پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىمۇ بىر نۇسخىدىن مۇشتەرى بولدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قىسىم فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ بىر نۇسخىدىن مۇشتەرى بولدى.

تارقىتىش خىزمىتى پائال ياخشى ئىشلەندى.

دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسىدىن بىر رەھبەر تارقىتىش خىزمىتىنى مەخسۇس تۇتتى، بىر خادىم تارقىتىش خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىشقا مەسئۇل قىلىندى. يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىدا تارقىتىش خىزمىتى ئالاقىچىلىرى قويۇلدى. تارقاتقۇچىلار ئۆز كەسپىي خىزمىتى ۋە رەھبەرلىك ئورۇنلاشتۇرغان باشقا خىزمەتلەرنى ئورۇنداش بىلەن بىرگە، تارقىتىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ناھىيىلىك ۋە يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە كادىر، ئاممىنى خەلق قۇرۇلتىيى ئۇچۇرلىرى بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەپ، تارقىتىش مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلدى.

# ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ تەشۋىقاتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى

تۇرپان شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى




بىز 1999 ـ يىلى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ھەر بىر ۋەكىلدە بىر نۇسخىدىن بولۇش، ئاساسلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش تەلىپىگە يەتتۇق.

1. مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى راۋانلاشتۇرۇلدى.

شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىمىز ئۆتكەن يىلى 11 ـ ئايدىن باشلاپ 1999 ـ يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىگە ئوقتىلىق تەييارلىق كۆردۇق. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، خەلق قۇرۇلتىيى ئىشخانىسى ھەر قايسى يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستى، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى ئىدارە، كومىتېت، ئىشخانىلىرى، خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مۇشتەرى بولۇش ئۇقتۇرۇشىنى تارقىتىپ، مۇشتەرى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇردى. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىدىكى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشتىكى ئاجىز ھالقىلارغا قارىتا، دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسى بىلەن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى بىرلىكتە ھۆججەت چۈشۈرۈپ، مۇشتەرى بولۇش كۆرسەتكۈچىنى بەلگىلەپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى تېلېفون ئارقىلىق ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ھەر بىر ئىدارىگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىرى ھەر خىل يىغىنلاردا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەشنى چىڭ تۇتتى. ئىقتىسادى بىر قەدەر قىيىن بولۇۋاتقان يېزىلارغا قارىتا دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىرى بۇ يېزىلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، مۇشتەرى بولۇش خىراجىتىگە شارائىت يارىتىپ بەردى، رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتى راۋانلاشقانلىقى ھەمدە نورغۇن سەپەرۋەرلىك خىزمىتى ئىشلەنگەنلىكتىن، مۇشتەرى بولۇش ئەمەلىيلىشىپ، ئۈنۈمى بولۇش، بۆسۈش بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مۇشتەرى بولۇش ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

2. تەشۋىقات كۈچەيتىلىپ، مۇشتەرى بولۇش
خىزمىتىگە بولغان تونۇش يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

مۇشتەرى بولۇش ئوبيېكتلىرىنىڭ «شىنـ
جاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاـ
ھىدىلىكىنى چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن، «شىنجاڭ خەلق
قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنال چىقىرىشتىكى ئاساـ
سىي مەقسىتى ۋە ژۇرنالنىڭ مەزمۇنى، ئالاھىدىلىكى
كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىنىپ، مۇشتەرى بولغۇچى ئوبـ
يېكتلارغا بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشنىڭ ھۆكۈمەت،
ئىككى مەھكىمە ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى چۈشىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيىـ
نىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشىنى
يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى
ئاڭلىق ھالدا قوبۇل قىلىپ، قېرىنداش ناھىيە، شەـ
ھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىـ
نى، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ
خىزمەت مۇددىئاسىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىـ
نىڭ يۈنىلىشىنى ئىگىلەپ، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇـ
رۇپ، ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى
تونۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مۇشتەرى بولغۇچى
ئوبيېكتلىرىغا بۇ ژۇرنالنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىـ
تىدىكى مۇھىم قورال كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدىن خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي بىلىمـ
لەرنى ئۆگىنىۋالغىلى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىـ
يى ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ
ياخشى ياردەمچىسى ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. تەشۋىقات
ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇش ئوبيېكتلىرىغا خەلق قۇرۇلـ
تىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمەت ھوقۇقىنى توغرا،
ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن دەل ۋاقتىدا ئەتراپلىق،
توغرا ئۇچۇرغا ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقىنى، خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتى نەزەرىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ۋە
مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە يېـ
تەكچىلىك قىلغىلى، خىزمەت جەريانىدىكى گۇمانلىق،
قىيىن نۇقتىلارنى ھەل قىلىپ ۋە يېشىپ، خەلق قۇـ
رۇلتىيى خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بوـ
لىدىغانلىقىنى تونۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ كۆۋرۈكلۈك
رولى ئارقىلىق باشقا ئورۇنلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى
ئېنىق قىلىپ، نەزەر دائىرىسىنى، تەپەككۇر يولىنى
كېڭەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدىكى يېڭى ئەھۋال،
يېڭى تەجرىبىلەرنى ئۆز جايىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا
بىرلەشتۈرگەندە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تېخىمۇ
ياخشى ئىشلىگىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

3. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، مۇشتەرى
بولۇش ئوبيېكتلىرىنى بېكىتتۇق.

دائىمىي كومىتېت ئىشخانىمىز مۇشتەرى
بولغۇچى ئوبيېكتلارنى شەھەر دەرىجىلىك ۋە يېزا ـ بازار
دەرىجىلىك ئىككى چوڭ مۇشتەرى بولۇش ئورۇنلىرىغا
بۆلدۇق. شەھەر دەرىجىلىك مۇشتەرى بولۇش ئوبيېكتـ
لىرى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىـ
كىلەر، شەھەردىكى بەش بىرزە ئەزالىرى، شەھەرلىك
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە دائىمىي كومىتېتـ
نىڭ ھەر قايسى ئىشخانا، كومىتېتلىرىدىكى خادىملار،
شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە
قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇنلار، سوت مەھكىمىسى،
تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ كوللېگىيە، بۆلۈم، ئىشخاـ
نىلىرى بولدى.

يېزا ـ بازار دەرىجىلىك مۇشتەرى بولۇش
ئوبيېكتلىرى: يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى،
يېزا ـ بازارلىق ھۆكۈمەت بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، يېـ
زا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە يېـ
زا ـ بازارغا قاراشلىق ئورۇنلار بولۇپ، شەھەرلىك خ ق
دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسى ۋە يېزا ـ بازارلىق خ ق
ھەيئەت رىياسەتى ئىشخانىلىرى مۇشتەرى بولۇش خىزـ
مىتىنى كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆرسەتكۈچ ۋەـ
زىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

4. تارقىتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ،
خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەشۋىقاتى دەل ۋاقتىدا ئېـ
لىپ بېرىلدى.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ئۆز
ۋاقتىدا مۇشتەرى بولغان ئوبيېكتلارنىڭ قولىغا تارقىـ
تىپ بېرىش ئۈچۈن، بىز ئىككى خىل تەدبىر قوللانـ
دۇق. بىرى تارقىتىش خىزمىتىگە مەخسۇس خادىم

كونكرېت مەسئۇل قىلىنىپ، ئادەم كۈچى جەھەتتە تارقىتىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلدۇق. ئىككىنچىسى، تارقىتىش ئوبيېكتلىرىنى تۈرگە بۆلۈپ ئايرىم ئايرىم پوچتىدىن ئەۋەتىپ، شەھەرىمىزدىكى بەش بەنزە رەھبەرلىرى ۋە باشقا مۇشتەرى بولغۇچى ئوبيېكتلارنى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ۋاقتىدا كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇق. شۇ ئارقىلىق ئۇلار خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى چۈشىنىپ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئاڭلىق ھالدا قوللايدىغان بولدى.

ھازىر «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. ئۇ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىۋاتىدۇ. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ رولىنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بىز تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك تەسىراتقا ئىگە بولدۇق:

1. رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىش، تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش، خىزمىتىنى ئېگىشلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى دائىمىي كومىتېتنىڭ شۇ يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىغا كىرگۈزۈپ، تەشۋىقات پىلانىنى تۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش نىشانى ۋە تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆرسەتكۈچ ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەر قايسى ئورۇن، ھەر قايسى ۋەكىللەر ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىلىرىغىچە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

2. كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئۇچۇر ئېگىسىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى ئۇچۇرلىرى بولسىمۇ - بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ دەيدىغان كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى نوپۇزىنى تىكلەيمىز، قانۇندا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى ھەقىقىي يۈرگۈزىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇچۇر خىزمىتىنى چوقۇم مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولى ئارقىلىق ئۆزئارا ئۇچۇر ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئەينەك قىلىپ، شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى ئۇچۇرلىرى خىزمىتىدە ئورتاق پايدىلىنىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

3. تورنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تارقىتىش خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

مۇشتەرى توپلاش خىزمىتىنى نەق جايىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، تارقىتىش خىزمىتىگە مەخسۇس خادىم مەسئۇل قىلىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تور شەكىللەندۈرۈش لازىم. تارقىتىش خادىملىرىنى سىياسىي، كەسپ جەھەتتىن تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە قولاي شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ۋە يۈكلەپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا دائىملىق بىلەن يول ئېچىشىغا ئىلھام بېرىش لازىم.

4. غەيرىتىگە ئىلھام بېرىپ، ياخشى مۇھىت يارىتىش لازىم.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» نى تارقىتىش خىزمىتى بىر ياخشى مۇھىتقا مۇھتاج. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇكاپاتلاش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، يۇقىرى تۆۋەن ھەممە تەرەپ ئورتاق تىرىشىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، كېلەر يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

بىز چوقۇم بۇ قېتىمقى يىغىندىن پايدىلىنىپ، تەجرىبە ساۋاقلىرىمىزنى يەكۈنلەپ، ئىلغار ئورۇنلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كەم تەرەپلەرنى تولۇقلاپ، مۇشتەرى بولۇش، تارقىتىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىمىز.

# «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرەيلى

پىچان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى



«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان ئونىۋېرسال ژۇرنال، ئۇ ئاساسلىقى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئەھۋالى ۋە خىزمەت تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ يەرلىك ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ پىلان، ئەقىل كۆرسىتىش مۇنبىرى بولۇپ، دۆلەتنىڭ قانۇن، بەلگىلىمىلىرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نىزاملىرى ھەم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتلەردە پائال رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئۇ ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ۋەكىللەرنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىدىكى ياخشى ياردەمچى بولۇپ، مۇھىم يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە.

1996 - يىلدىن بۇيان دائىمىي كومىتېتىمىز رەھبەرلىكى ژۇرنالغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى. دائىمىي كومىتېتىمىز ئورگىنىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ۋە ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ناھىيىمىزنىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتى يىلدىن يىلغا ياخشىلىنىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش يىلمۇيىل ئېشىپ، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

## 1. رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ كاپالىتى

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى مۇددىئاسى ئېنىق بولغان، مەزمۇنى مول، قاراتمىلىقى كۈچلۈك، سۈپىتى بولغان، نۇرغۇنلىغان ژۇرناللارنىڭ ئىچىدە ئورنىنى دەسسەتكىلى بولمايدىغان ژۇرنال. ئۆتكەن يىلى 10 - ئايدا ژۇرنال مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش باشلىنىش بىلەنلا دائىمىي كومىتېت پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋە مۇدىرلار، ئىشخانا رەھبەرلىرى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىر مۇئاۋىن

مۇدىرنى بۇ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئاجراتقاندىن سىرت، يەنە ئىشخانىنىڭ مۇدىرى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرىنى بۇ خىزمەتنى كونكرېت تۇتۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئىككى قېتىم يېزا، بازارلىق پارتكوم سېكرېتارلىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتىنىڭ رەئىسلىرى يىغىنى ئېچىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. راسخوت يېتىشمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئالدى بىلەن ھەر بىر ۋەكىلنىڭ بىر پارچىغا مۇشتەرى بولۇشىنى بېكىتتى. ھەممە پائال تۈردە ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىشخانىسى ۋە ھۆكۈمەت ئىشخانىسى بىرلىشىپ ھۆججەت تارقىتىش شەكلىنى قوللىنىپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ مۇشتەرى بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. گېزىت ژۇرناللارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ۋە تارقىتىشنىڭ مەقسىتى، تارقىتىش ئوبيېكتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ھۆججەتكە كىرگۈزۈپ، ھۆججەت تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇنلارنى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا بولغان دەسلەپكى چۈشىنىشكە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ گېزىت ژۇرناللارغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى. رەھبەرلەر گېزىت ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنىڭ كېتىپ بېرىش ئەھۋالىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىدە يولۇققان قىيىن مەسىلە ۋە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ۋاقتىدا ياردەم بېرىپ، مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى تازا چۈشەندۈرۈپ كەتمىگەن ئورۇن ۋە تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىغا خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ئىشخانا مەسئۇللىرى ئۆزلىرى تېلېفون بېرىپ ھەممە بىرلىكتە يىغىن ئېچىش قاتارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ گېزىت ـ ژۇرناللارنى تەشۋىق قىلدى. مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دائىمىي كومىتېت ئورگىنى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» غا مۇشتەرى بولۇش، تارقىتىش ۋە خۇلاسىلەپ تەقدىرلەش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ئالدىنقى يىللىق مۇشتەرى بولۇش خىزمەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش بىلەن بىرگە كېيىنكى يىللىق مۇشتەرى بولۇش خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

بۇ خىل ئۈنۈملۈك شەكىل مەدەت بېرىش ۋە ئىلھام بېرىش رولىنى ئويناپ، ئورگان كادىرلىرىنىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. مۇشۇنداق ياخشى ژۇرنالدىن تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن، خ ق دائىمىي كومىتېتى مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئىشخانىنىڭ كونكرېت مەسئۇل بولۇشىغا تاپشۇردى. ئىشخانا يەنە بۇ خىزمەتنى ھەر بىر يولداشقىچە تەقسىم قىلىپ بەردى ھەممە سىستېمىلار بويىچە ھەر بىر مۇشتەرى بولغۇچى ئورۇنلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش لايىھىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇ خىزمەتنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇردى.

2. كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈش مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئۇلى

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش ـ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت ۋەزىپىسى. شۇڭا، دائىمىي كومىتېتىمىز بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قانۇن بويىچە ناھىيىنى ئىدارە قىلىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى ئىكەنلىكى، جۈملىدىن بىزنىڭ باشقا خىزمەتلەرنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ ئۇلى ئىكەنلىكى شۇنداقلا «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشىمىزدىكى ياخشى ژۇرنال ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دائىمىي كومىتېت ۋە ئىشخانا مەسئۇللىرى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ تارقىتىش خىزمىتىنى بىر مۇھىم خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتتى. ھۆججەت

شەكلى ئارقىلىقلا تەشۋىق قىلىپلا قالماي بەلكى تۈرلۈك يىغىنلار ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرى ھەمدە قانۇن، نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش جەريانىدا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى. بۇ ژۇرنال ئارقىلىق رەھبەرلەرنى مەمۇرىيەتنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى بىلەن خەلق ۋەكىللىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇش پائالىيەتلىرىدە مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بۇ ژۇرنالنىڭ ناھىيىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق تونۇپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىنىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە ياخشى مۇھىت يارىتىلدى. نۆۋەتتە، ناھىيىمىزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇللارنىڭ قولىدا بىر پارچىدىن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى بار بولدى ھەمدە بۇ ژۇرنالنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق خىزمەتلىرىمىز ئىلگىرى سۈرۈلدى. تەشۋىق قىلىش، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى بىلەن ئۆز خىزمەتلىرىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، قوش مول ھوسۇل ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

3. مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش — مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.


«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئەمەلىيەتچانلىققا ۋە يۈزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئوبيېكتلىرى ۋە مۇشتەرىلەرگە نىسبەتەن ئاساسلىقى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، خەلق ۋەكىللىرى قاتارلىق ئەسلىمىدىكى مۇشتەرىلەرنى كېمەيتمەسلىكنى تىرىشىپ ساقلىغاندىن سىرت، كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش ئاساسىدا قاتلام-مۇقاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىشتىكى يېڭى سورۇن ئېچىلدى. يېزا، بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە ناھىيە، يېزا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلار ۋە يەككە مۇشتەرىلەر گەرچە سانى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن خۇشاللىنارلىق بىر قەدەم باستى. بۇ بىزنىڭ ئۆدا بىر قانچە يىل خېلى كۆپ ساندىكى مۇشتەرىلەرنى كېمەيتمەسلىكنى ساقلاپ قالالىغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. ئورگان كادىرلىرىمىز ھېرىپ چارچاشتىن قورقماي، ئاساسىي قاتلاملارغا چۆكۈپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ئېلىپ، ھەر بىر ئورۇن، تارماقلارغا باردى. بەزى چاغلاردا بەزى ئىدارىلەردە ئادەممۇ ياكى ئاساسلىق مەسئۇللارمۇ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىملاپ بېرىش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. بەزى تارماقلار يولداشلىرىمىزنىڭ سەمىمىيەتلىكىدىن تەسىرلىنىپ، مۇشتەرى بولدى.

بىز «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىشتا جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىدىن قارىغاندا يەنىلا بەزى پەرق بار.

يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمەت ۋەزىپىلىرى تەلىپىگە نىسبەتەن تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز خۇلاسىلەپ، قېرىنداش ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدىكى ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللارنى ئۆگىنىپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، خىزمەت ئۇسۇلىمىزنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، پارتكومنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئاخبارات تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، تەشۋىقات دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەشۋىقات ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، مۇشتەرى بولۇش سانىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىشىمىز.

# مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتى ئەستايىدىل ئىشلىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئوچۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈلدى

—كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسى



مەن كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كو- مىتېتىغا ۋاكالىتەن بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىپ، يىغىندا سۆز قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن شان- شەرەپ ھېس قىلىۋاتىمەن.

ناھىيىمىزنىڭ دېموكراتىيە- قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ناھىيىمىزدىكى ئاپتونوم رايون، ناھىيە، يېزا- بازارلاردىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى- نىڭ ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي ھاياتىدىكى رولى كۈنسايىن گەۋدىلىك بولماقتا. كۆپ يىللاردىن بېرى، بىز خىزمەتلەردە خىزمەتلىرىمىزنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنىڭ ياخشى- يامان بولۇشى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتى بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ كېلىۋاتىمىز، شۇڭلاشقا «شىن- جاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى چىقىرىلغاندىن بېرى، بىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى بىر چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇپ كەلدۇق، بولۇپمۇ ناھە- يىلىك 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى- تېتى ۋۇجۇدقا كەلگەن 1997 - يىلدىن بۇيان، ناھىيە- مىزنىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا قوبۇل قىلىنغان مۇشتەرىلەرنىڭ يىلدىن يىلغا كۆپىيىش نىسبىتى 53%، 59.8 % كە يەتتى. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تار- قىتىش ئارقىلىق بىز ئۈچ تۈرلۈك چوڭقۇر تەسىراتقا ئېرىشتۇق. بىرىنچىدىن، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى كۆۋرۈك ۋە تۈگۈن بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئور- گانلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ۋە تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، چۈشىنىپ، خىزمەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاش- تۇرۇشىمىز ئۈچۈن پۇختا ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ئىككىنچىدىن، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ياخشى ئۇستاز، مەنپەئەتلىك دوست بولۇپ بىزگە نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى، خىزمەتلەرنى قانداق قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى. ئۈچىنچىدىن، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» كۆزنەك بولۇپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئى- دارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە قارىتا

ئېنىق تونۇشقا ئىگە قىلىشتا، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئۇنى قوللايدىغان كىشىلەرنى بارغانسېرى كۆپەيتىشتە، شۇنداقلا مەمۇرىي تارماقلارنىڭ نازارەتچىلىكنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلىرىمىزنى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

1998 ـ يىلى 9 ـ 10 ـ ئايلاردا بىز «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دائىمىي كومىتېتىمىز تېزلىكتە ئادەم كۈچى ئۇيۇشتۇرۇپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ بىر مۇئاۋىن مۇدىرى گۇرۇپپا باشلىقى بولغان مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتى گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئىشخانا مۇدىرى بۇ خىزمەتكە كونكرېت مەسئۇل قىلىندى. ئالدى بىلەن ھەر قايسى يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسلىرى ۋە ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇن رەھبەرلىرى بىلەن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى، خ ق دائىمىي كومىتېتى مۇدىرى، تەشكىلات بۆلۈم، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرىنى يىغىنغا قاتنىشىپ، مۇھىم سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، ناھىيىلىك 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى، ھەر قايسى يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچى ئەزالىرى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلار ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ قولىدا بىردىن ژورنال بولۇشىنى ئېنىق تەلەپ قىلىپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، ناھىيىمىزدە تارقىتىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك خىزمەتلەر ئىشلەندى. مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، دائىمىي كومىتېتىمىز ئۈچ يولداشنى ئۇچاستىكىلار بويىچە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. ئۇلار ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ ئورۇن، تارماقلار ئارا چېپىپ يۈرۈپ نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بولۇپمۇ بەزى ئورۇننىڭ رەھبەرلىرى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىنى بىلمىگەچكە، مۇشتەرى بولۇشنى خالىمىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خىزمەتچى خادىملىرىمىز چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كەلدى، خىزمەتچى خادىملىرىمىز ئۇلارغا خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورنى، رولى ۋە خاراكتېرىنى، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى مۇھىم رولىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، قائىدە سۆزلەپ تەسىرلەندۈرۈپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۇشتەرى بولۇشنى قولغا كەلتۈردى. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش ئۆگىنىشنىڭ ئاساسى، خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. بۇ يىل كىرگەندىن بېرى بىز «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى، خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى ۋە يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچىلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك خىزمىتى قاتارىدا چىڭ تۇتتۇق، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قەرەللىك يىغىنلىرى ئارىلىقىدا خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىدىكى مۇھىم ماقالىلەر، رەھبەرلەرنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى، ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنى بىرلىك قىلىپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ھەر ئايلىق ئۆ

(داۋامى 42 ـ بەتتە)

# «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» نى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش ۋە قازاقچىسىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى




ئۆز خەۋەرىمىز : 2000 ـ يىلىغا يۈزلەنگەن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش ۋە يەنىمۇ كەڭ دائىرىدە تارقىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش مۆلچەرلەنگەن پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز كۆلىمىدىكى چوڭ يىغىن 26 ـ ئاۋغۇست گۈلىستان شەھەر غۇلجىنىڭ دوستلۇق مېھمانخانىسىدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى.

يىغىندا «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىلدىن باشلاپ قازاقچە رەسمىي نەشر قىلىنغانلىقىمۇ قىزغىن تەبرىكلەندى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دائىمىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى لى فېڭزى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى زاقان ئۇمار، ج ك پ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جياڭ چۈنلۈن، ج ك پ ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى قۇربانجان مەھەممەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىلى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھەيدەر قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك خ ق خىزمەت كومىتېتى، غۇلجا شەھەرلىك، غۇلجا ناھىيىلىك ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئوبلاست، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) ، شەھەر (رايون) لاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ بەزى مەسئۇللىرى، ئىشخانا مۇدىرلىرى، ژۇرنال تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 200 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

يىغىنغا «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەنۋەر غۇلام رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا يولداش لى فېڭزى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى ۋە دائىمىي كومىتېتقا، يولداش زاقان ئۇمار ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا، يولداش جياڭ چۈنلۈن ج ك پ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىغا، يولداش قۇربانجان مەھەممەت ج ك پ ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش خىزمىتى ئۈستىدە مۇھىم سۆز قىلدى ۋە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ قازاقچە

رەسمىي نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

يىغىندا يەنە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلارنىڭ پىچان، تورپان، كېرىيە، ئونسۇ ناھىيىلىك ۋەكىللىرى تەجرىبە تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدە سۆز قىلدى.

يىغىندا 1999 - يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپتىن 8 ى، 2 - دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپتىن 8 ى. 3 - دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپتىن 16 سى ماددىي مۇكاپاتلاندى.

يىغىن يەنە گورۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش. تارقىتىش جەھەتتىكى 1999 - يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، 2000 - يىلقى خىزمەتلەرگە ئاكتىپ، ئىجابىي مۆلچەر ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىن ئاخىرىدا ھەر مىللەت يىغىن قاتناشچىلىرى ئىلى ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى ۋە غۇلجا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەن ئالمىلىق باغ سەيلىسى، يەنى «ئورمان باغچىسى» سەيلىسىگە قاتنىشىپ كۆڭۈل ئاچتى.

## 1999 - يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىدە مۇكاپاتلانغان ئىلغار ئورۇنلار

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلانغانلار

پىچان، كۇچا، يەكەن، باي، ئونسۇ، بۈگۈر، خوتەن ناھىيىلىرى؛

2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلانغانلار


ئاقسۇ شەھىرى، قاراقاش، گۇما، قاغىلىق، شايار، ئۈچتۇرپان، مىرچۈن، يوپۇرغا ناھىيىلىرى؛

3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلانغانلار

چۆچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچى شەھەرلىرى؛ جىمسار، ئاۋات ئاقتۇ، يېڭىسار، مەكىت، يېڭىشەھەر، چىرا، كۈنەس، تېكەس ناھىيىلىرى؛ بورتالا، سانجى ئوبلاستلىرى؛ مايتاغ رايونى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خ ق خىزمەت كومىتېتى.

## سۈرەتلىك خەۋەرلەر

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش ۋە قازاقچىسىنىڭ رەسمىي نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقان ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى فېڭزى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى زاقان ئۇمار، ج ك پ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جياڭ چۈنلۇن، ج ك پ ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى قۇربانجان مەھەممەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىلى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھەيدەر قاتارلىقلار يىغىن ئارىلىقىدا.



يىغىننىڭ رەئىس سەھنىسى




ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىللىرى مۇكاپاتلانماقتا




رىياسەتچى ئەنۋەر غۇلام






گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدىن كۆرۈنۈش





**تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى چاقىرغان سۆھبەت يىغىنىدا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى ئاڭلىدى**

ئۆز خەۋەرچىمىز: مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت 2 ـ سىنتەبىر ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى چاقىرغان سۆھبەت يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەم ئالاقىدار تارماقلاردىكىلەرنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى.

تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق تارماقتىكىلەرنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» مەملىكىتىمىزدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ قانۇن، بۇ قانۇن ئېلان قىلىنغان 15 يىلدىن بۇيان مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىدە، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئەمەلىيەت «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

تۆمۈر داۋامەت يەنە مۇنداق دېدى: 15 يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىز ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشنى باشتىن كەچۈردى، بىز ھازىر ئىجرا قىلىۋاتقان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى بەزى ماددىلار ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ماس كەلمەي قالدى، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە «ئاساسىي قانۇن» دىكى پرىنسىپلارغا ئاساسەن ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش قېرىنداش مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تېخىمۇ پايدىلىق.

سۆھبەت يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز رىياسەتچىلىك قىلدى.

سۆھبەت يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن لى فېڭزى، خەلچەم ئىسلام، جاڭ خېڭ، مىجىت ناسىر، خوجىخان ھاكىموف، سۇلايمان، ماجيېنگو ھەم باش كاتىپ مۇھەممەت ئىسمايىل قاتناشتى.

× × × × ×

**«مەمۇرىي جازا قانۇنى» نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى**

غۇلجا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇن ـ تۈزۈم خىزمەت كومىتېتى بۇ يىللىق خىزمەت پىلانىغا ئاساسەن، 1999 ـ يىل 26 ـ 28 ـ ئىيۇل خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، «مەمۇرىي جازا قانۇنى» نىڭ شەھىرىمىزدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللىشىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە شەھەرلىك ھۆكۈمەت قانۇن ـ تۈزۈم ئىدارىسى، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ۋە قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ھەر قايسى مەھەللە ئىش باشقارما ۋەكىللەر بىرلەشمە گۇرۇپپا ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 18 كىشى قاتناشتى.

تەكشۈرۈش جەريانىدا، شەھەرلىك ھۆكۈمەت قانۇن ـ تۈزۈم ئىدارىسىنىڭ شەھىرىمىزدىكى قانۇن ئىجرا قىلىش ئاساسىي گەۋدىسىدىكى مەمۇرىي جازا ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە 43 مەمۇرىي ئورگان، مەمۇرىي جازا ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى ئامما ئىشلارنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىگە ئىگە 16 تەشكىلات ۋە ئورگاننىڭ نامى بىلەن مەمۇرىي جازانى يولغا قويۇشنى ھاۋالە قىلغان ئامما ئىشلارنى باشقۇرىدىغان سەككىز كەسپىي تەشكىلات قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى قانداق نازارەت قىلغانلىقى قاتارلىق خىزمەتلەر ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە پىكىر، تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى 3 ـ بۆلۈمىنىڭ «جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە باشقۇرۇش ـ جازالاش نىزامى» نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى، جازا بېرىلگەن تۇرلۇك دېلولارنىڭ سانى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى. قانۇن ـ تۈزۈم بۆلۈمى ، ھەرەمباغ ساقچىخانىسى، ئىلى دەريا يولى ساقچىخانىسى ۋە توغراق ساقچىخانىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى. قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەھۋالى، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى ۋە تۇتۇپ قىلىنغان مال ـ مۈلۈكلەر تەكشۈرۈلدى ، مۇھىم پىكىر ، تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## (غۇلجا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن مەرھابا تۇرسۇن)

× × × × ×

***ئىشقول يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ۋەكىللەرنىڭ سالاپىتىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ، ئۇلارنىڭ باشلامچىلىق ، ئاۋانگارتلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرماقتا***

يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئىشقول يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ۋەكىللەرنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش، ۋەكىللەرنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە توغرا ئادا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكى ۋە يېزىلىق پارتكومىنىڭ يېقىندىن قوللاپ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋەكىللەرنى قەرەللىك، پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ ، ئۇلارنىڭ باشلامچىلىق ، ئاۋانگارتلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرماقتا.

يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى يىل بېشىدا تۈزۈلگەن خىزمەت پىلانىدىكى كونكرېت تەلەپلەرگە ئاساسەن ئۆگىنىش پىلانىنىڭ تولۇق ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، ئۆگىنىشكە تەشكىللەشكە ئاسان بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ توققۇز ۋەكىلى ۋە يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 55 ۋەكىلىنى بەش چوڭ گۇرۇپپىغا ئايرىپ ، ھەيئەت رىياسىتىنىڭ توققۇز ئەزاسىنى بەش گۇرۇپپىنىڭ ئۆگىنىشىگە مەسئۇل قىلدى.

ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئايدا بىر قېتىم ، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئايدا ئىككى قېتىم ، ۋەكىللەرنىڭ پەسىلدە بىر قېتىم ئۆگىنىش تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، مۇقىم ئۆگىنىش ئورنى ئۆگىنىش پىلانى ئۆگىنىش مەزمۇنى، ئۆگىنىش خاتىرىسى ۋە يوقلىمىسى بولۇشنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى.

ئۆگىنىشتە، نۆۋەتتە يېزىلاردا قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ تەلىپىگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر ـ دىن سىياسىتى ، شىنجاڭ تارىخى ، مەركەزنىڭ 7 ـ نومۇرلۇق ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن، ۋەكىللەر قانۇنى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى قاتارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئائىت قانۇن، نىزاملارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ۋەكىللەرنىڭ سىياسىي نەزەرىيە ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشكە ئاساس ياراتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئورمان قانۇنى، يېزا ئىگىلىك قانۇنى، سۇ قانۇنى ، يەر باشقۇرۇش قانۇنى ، مائارىپ قانۇنى ... قاتارلىق قانۇنلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى.

ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ماتېرىيال ئۆگىنىش بىلەن مەخسۇس تېما بويىچە مۇزاكىرە قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش ، كوللېكتىپ

ئۆگىنىش بىلەن ئۆزئارا ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈش ،
مەخسۇس لېكسىيە سۆزلەش بىلەن تەسىرات سۆزلەشنى
بىرلەشتۈرۈش ، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى بىلەن را-
دىئو ، قارا دوسكا تەشۋىقاتىنى بىرلەشتۈرۈشتەك كۆپ
خىل ئۇسۇل ۋە شەكىللەرنى قوللاندى.

ھەيئەت رىياسىتى يەنە ۋەكىللەرنى تەربىيە-
لەش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ، يىلدا ئىككى قېتىم
ئىككى دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىنى سىلىشتۇرۇپ
باھالاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە دائىملاشتۇ-
رۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇرچىنى
ياخشى ئادا قىلىشى ئۈچۈن ئاساس ياراتتى. بۇنىڭ بىلەن
ۋەكىللەر ئارىسىدا قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشتى-
كى باشلامچىلار ، ئالدى بېيىشتا ئۈلگە بولىدىغان باش-
لامچىلار ، ۋەكىللىك بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىشتىكى
باشلامچىلار ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى
باشلامچىلار ، نامرات ئائىلىلەرگە خەيرى ـ ساخاۋەت يەت-
كۈزۈشتىكى باشلامچىلار مەيدانغا كەلدى.

(يەكەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى
ئىشخانىسىدىن نۇرمۇھەممەت قۇربان)

× × × × ×

ئاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى دېھ-
قان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش
ئەھۋالىنى ۋە يېزىلاردا 2 ـ قېتىملىق يەرلەرنى
ھۆددىلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى

ئاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ،
ۋىلايەتلىك خ ق خىزمەت كومىتېتىنىڭ بۇ يىل دېھقان،
چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى ۋە
يېزىلاردا 2 ـ قېتىملىق يەرلەرنى ھۆددىلەشتۈرۈش
خىزمىتىنى نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتى-
سى قىلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى
ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مۇدىرلار يىغىنى مۇزاكىرە
قىلىپ غورىچۆل بازىرى ھەم تامتوغراق يېزىسىنى تەك-
شۈرۈشنى ، غورىچۆل ۋە تامتوغراق يېزىلىرىدىن باي ،
ئوتتۇراھال ، نامرات ئۈچ كەنتنى ، باي ، ئوتتۇراھال ،
نامرات 30 ئاھالىنى نۇقتا قىلىپ تەكشۈرۈشنى بېكىتتى
. ئىككى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈچ مۇئاۋىن مۇدىرنىڭ
يېتەكچىلىكىدە ئايرىم ـ ئايرىم ئۆز تەكشۈرۈش رايونلى-
رىغا بېرىپ، يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى ئەھۋالى توغرىسىدىكى
دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەم نۇقتىلىق تەكشۈرۈلىدىغان ئو-
رۇنلارغا بېرىپ، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كەنت
مەمۇرىيىتىنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىشىشى ئارقىلىق
7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە ئالتە كەنت ،
30 ئائىلىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. تەكشۈرگەن ئەھۋال-
دىن قارىغاندا، 98 ـ يىللىق دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا
توغرا كەلگەن ساپ كىرىمىدىن قانۇن بويىچە تۆلەشكە
تېگىشلىك خىراجەت %5 تىن كۆپ ئېشىپ كەتمىگەن
. لېكىن يېزا (بازار) لار ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرغان تۈرلۈك
خىراجەتلەر ئېشىپ كەتكەنلىكى ، دېھقانلارنىڭ مەجبۇ-
رىي ئەمگەك ۋە جۇغلانما ئەمگەك كۈنىمۇ بەلگىلىمىدىن
قىسمەن ئېشىپ كەتكەنلىكى ، يەرلەرنى 2 ـ قېتىملىق
ھۆددىلەشتۈرۈش خىزمىتىمۇ تولۇق ئورۇندالغانلىقى مە-
لۇم بولدى.

تەكشۈرۈشتىن كېيىن ساقلانغان مەسىلى-
لەرنى يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جىددىي
تۈزىتىشكە بۇيرۇش بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمى-
تىنىڭ بۇ خىزمەتكە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ يۇقىرى
كۆتۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى تەشكىللەپ، يەنىمۇ
ئىچكىرىلەپ، يېزا (بازار) لاردىكى دېھقان، چارۋىچىلار-
نىڭ سېلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ، ساقلانغان مەسىلى-
لەرنى جىددىي تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ
قىلدى.

(ئاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ئەركىن نىياز)

× × × × ×

توققۇزتارا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى-
نىڭ تەربىيىلەپ رەتكە سېلىش خىزمىتىنىڭ
ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى

توققۇزتارا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمى-
سى تەربىيىلەپ رەتكە سېلىشتىن ئىلگىرى تۈرلۈك
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەنزىنىڭ ئىتتىپاقى ياخشى ئەمەس
، دېلو ئىشلەش ئۈنۈمى تۆۋەن ، بېسىلىپ قالغان دېلو

كۆپ، ئىجرا قىلىش قىيىن، ئامما بەك يىگىرى كۆپ ھالەتتە ئىدى ھەم ئىلى ۋىلايىتى بويىچە بىردىنبىر مەدەنىيەتلىك ئورۇن نامىغا ئېرىشەلمىگەن مەھكىمە ئىدى. 98 - يىلى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا، رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشەلدى. شۇندىن ئېتىبارەن، يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىپ، پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، كادىر - ساقچىلارنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ۋە ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنى گەۋدىلىك ھالدا ياخشى تۇتتى.

بىرىنچىسى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتتى. مەھكىمە بويىچە تۆت چوڭ ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى. ① سىياسىي نەزەرىيە ۋە سوتلاش كەسپىنى ئۆگىنىش كەيپىياتى قويۇقلاشتى. ② سوتلاش خىزمىتىنىڭ تەرتىپلىشىش دەرىجىسى ئۆرلەپ، دېلو تۇرغۇزۇش بىلەن سوتلاشنى ئايرىش، سوتلاش بىلەن ئىجرا قىلىشنى ئايرىش؛ سوتلاش بىلەن نازارەت قىلىشنى ئايرىش تۈزۈملىرى مۇكەممەللىشىپ، ئەرز ھەققىنى ئېلىش، باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش تۈزۈمى ھەم خاتا دېلولارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى چىڭىتىلدى. ③ كادىر - ساقچىلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش ئېڭى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 98 - يىلى تەربىيىلەپ رەتكە سېلىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، مەھكىمە باشلىقى 2000 يۈەن پارىنى رەت قىلدى، كادىر - ساقچىلارمۇ 2000 يۈەن پۇل 16 قوي پارىنى رەت قىلدى

ئىككىنچىسى، دېلولارنى ئەستايىدىل باھالاپ تەكشۈرۈپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى قاتتىق تۇتۇپ، ئەدلىيىنىڭ ئادىل بولۇشى قوغدالدى. تەربىيىلەپ رەتكە سېلىش ئارقىلىق مەھكىمىنىڭ سوتلاش ئىستىلى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، دېلولارنى سوتلاپ، ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 98 - يىلى قوبۇل قىلىغان تۈرلۈك دېلولار 1218 پارچە بولۇپ، سوتلاپ ئاياغلاشتۇرغىنى 1082 پارچە، نىسبىتى 90% بولدى. بىرمۇ خاتا دېلو كۆرۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 97 - يىلى يىغىلىپ قالغان 290 پارچە دېلونى سوتلاپ ئاياغلاشتۇرۇپ، 110 پارچىسىنى ئىجرا قىلدى،

ئۈچىنچىسى، قەتئىي تەكشۈرۈپ، تۈزىتىپ، ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىپ، قائىدە - تۈزۈم ئورنىتىپ، نەتىجىلەر مۇستەھكەملەندى. 98 - يىلى مەھكىمە بويىچە ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىغان كوللېگىيە باشلىقى ئىككى، ئىش ئورنى كۆتۈپ، ئۆگىنىشكە قاتناشقان كادىر - ساقچى ئىككى، نەسىھەت قىلىنغان كادىر ئالتە بولدى. تەربىيىلەپ رەتكە سېلىش ئارقىلىق، مەھكىمە ئىچكى جەھەتتە ساپانى كۈچەيتىپ، تاشقى جەھەتتە ئوبرازىنى تىكلەشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى ھەم يېقىندا ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن نامىغا ئېرىشتى.

(توققۇزتارا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن قۇربانجان، لەنچىشاڭ)

× × × × ×

**توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى خادىملىرىغا قانۇن - تۈزۈم بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى**

توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە توغرا يۈرگۈزۈشكە ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن 99 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

بۇ قېتىمقى كۇرسقا خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسلىرى، يېزىلىق پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلىرى، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ كەنسىلىرى، تەشۋىقات كەنسىلىرى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر پائالىيەت ئۆگىنىش گورۇپپىسىنىڭ بىردىن گورۇپپا باشلىقلىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىدىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن بولۇپ جەمئىي 50 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار كۇرسقا ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىپ، كۇرسانتلارغا «ۋەكىللەر قانۇنى»،

«تەشكىللىي قانۇن»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى» قاتارلىق قانۇن، نىزاملاردىن ئەستايىدىل، سىستېمىلىق دەرس ئۆتۈپ بەردى.

كۇرسانتلارمۇ ئۆتۈلگەن دەرسلەردىن تولۇق خاتىرە قالدۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتتە ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا ياخشى بىر ئاساسقا ئىگە بولدى. دەرس ئاخىرىدا، يېزا (بازار) لىق خ ج ھەيئەت رىياسەتچىلىرى قانداق قىلغاندا خ ق ھەيئەت رىياسەتچىلىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ دېگەن مەخسۇس تېمىدا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نۇتقى سۆزلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە بىر قەدەر ياخشى بولغان ئىچىبېرىق يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچىلىرىنىڭ خىزمىتىنى نەق مەيدانغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈردى.

(توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن پەرھات پارات)

× × × × ×

ئاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمىتى ۋە ئىدارە باشلىقىنىڭ خىزمىتىنى باھالىدى

ئاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 99 - يىللىق دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئاساسەن، يېقىندا بىر ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمىتى ۋە ئىدارە باشلىقىنىڭ خىزمىتىنى باھالاش ئېلىپ باردى.

ئالدى بىلەن باھالاش سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەر قايسى يېزا، بازار، مەيدانلار ۋە ناھىيە ئىچىدىكى دوختۇرخانا مەسئۇللىرى، يېزا (بازار) لىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچىلىرى قاتناشتى. ئاندىن ئىدارە باشلىقى 98 - يىللىق ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ۋە ئۆز خىزمىتىدىن يازما دوكلات بەردى.

باھالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەر گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ 16 ئورۇنغا بېرىپ، 300 ئادەمدىن پىكىر ئالدى. 180 نەپەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى زىيارەت قىلدى. 100 پارچىدىن ئارتۇق پىكىر ئېلىش قەغىزى تارقىتىلدى. پىكىرلەرنى رەتلەپ قايتا تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئىدارە باشلىقىغا مەسىلە دەپ قارىغان پىكىرلەرنى ئۇقتۇرۇپ، جىددىي تۈزىتىش تەلەپ قىلىندى. خەلق ھۆكۈمىتىگە قارىتا ئالتە تۈرلۈك جىددىي تۈزىتىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىلدى.

(ئاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ئەركىن نىياز)

× × × × ×

ئاقسۇ شەھىرىدە 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى كۆزدىن كەچۈرۈلدى

ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ساۋاتلىرى بىلىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شەھەرنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئاقسۇ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرىنى ۋە شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسى، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى، شەھەرلىك قانۇن - تۈزۈم ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار كەسپىي تارماقلارنى تەشكىللەپ، ئاقسۇ شەھىرىدە 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

كۆزدىن كەچۈرۈشتە شەھەرگە قاراشلىق ئىككى بازار، بىر كوچا ئىش بېجىرىش ئورنىغا چوڭقۇر چۆكۈپ دوكلات ئاڭلاش، ئارخىپلارنى كۆرۈش، سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كۆزدىن كەچۈرۈلگۈچى ئورۇنلارنىڭ 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىنى تۈزۈش، ئوبيېكتلارنى تۇر-

غوزۇش، ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش، تور- كومگە بۆلۈپ كۇرس ئېچىش، تاپانچىلارنى تەربىيىلەش، ئىسلاھات ئېلىپ خۇلاسە قىلىش، ئارخىپلاشتۇرۇش، ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلەشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ ئەتراپلىق ئەھۋال ئىگىلىدى. كۆزدىن كەچۈرۈش داۋامىدا نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىزمەتلەردە ساقلىنىۋاتقان شەكىلۋازلىق قىلىپ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەر- مەسلىك، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەر- لىك گۇرۇپپىسىدىكى خادىملارنىڭ كەسپىي ساپاسى تۆ- ۋەن بولۇش، ئارخىپ ماتېرىياللار ۋە دوكلات بىلەن ئە- مەلىيەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلەر ئوتتۇرىسىدا پەرق بو- لۇشتەك مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋە تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، بۇندىن كېيىنكى خىزمەت- لەرنى ياخشىلاش ھەققىدە سەككىز تۈرلۈك تەكلىپ، پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

(ئاقسۇ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ئوسمان تۇرسۇن)

× × × × ×

### ئىككى دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى نامراتلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى

توقسۇ ناھىيە ئىچئېرىق يېزىسىدىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بۇ يىل ئامما- نىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئامما ئۈچۈن پائال تۈردە ئەمەلىي ئىش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. يېزىدىن نىياز ئەرشى، قاسىم ھاجى، ئەبەي مۇختار قاتارلىق 34 خەلق ۋەكىللىرى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار 46 نامرات ئائىلىگە 5564 يۈەن پۇل، 610 كىلوگرام ئاشلىق، توققۇز كىلوگرام قىچا يېغى، ئۈچ هارۋا ئوتۇن، 27 تو ھەر خىل كىيىم- كېچەك، ئىككى پارچە كېگىز قاتارلىق ماددىي نەرسە- لەرنى ياردەم قىلغاندىن باشقا سەككىز ئائىلىنىڭ 34 مو يېرىنى ھەيدەپ تېرىپ، 11 خامانىنى تېپىپ بېرىپ ھە- قىقىي تۈردە ئىللىقلىقنى يەتكۈزدى.


(توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
پەرھات بارات)

### قاراقاش ناھىيىسىدە يەككە ئەمگەكچىلەر قۇرۇلتىيى ئېچىلدى

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قاراقاش ناھىيىسىدە يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتى- يى ئېچىلىپ، پەخرى مۇدىر، مۇدىر، ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى.

قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇ- رىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خۇاچېگىن 3 - نۆۋەتلىك مەمۇرىيەتكە ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى، مۇئاۋىن ھاكىم غوجۇل ئاۋۇت سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر گۇرۇپپىلار بو- يىچە مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 3 - نۆۋەتلىك مۇدىر- يەتكە ۋاكالىتەن بېرىلگەن دوكلاتلارنى مۇزاكىرە قىلىپ، يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى يەنىمۇ ئاش- كارىلاش، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، يەككە تىجارەتچى، خۇسۇسىي كارخانىچىلارنىڭ سېلى- قىنى يېنىكلىتىش، يېڭىدىن تىجارەت باشلىغان تىجا- رەتچىلەر، مېيىپلارغا ئېتىبار بېرىش، باجنى يېنىك- لىتىش قاتارلىق 17 تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

(قاراقاش ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئازادگۈل
توختىمۇھەممەت)





▲ يىغىن مەيدانى

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 - يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

21 - سېنتەبىردىن 24 - سېنتەبىرگىچە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 - يىغىنى چاقىرىلدى. مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىن ج ك پ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئومۇمىي ئوقتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى.

يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ‹كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پاختا بازىسى فوندى قۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغانلىق توغرىسىدىكى قارارى› نى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قارارى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكنىڭ 1998 - يىللىق نەق چوتىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكنىڭ 1999 - يىللىق مالىيە خام چوتىنى قىسمەن ئۆزگەرتىشنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى» نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن لى فېڭزى، خەلچەم ئىسلام، شۇ پېڭ، جاڭ خېڭ، مىجىت ناسىر، قادىس جانابىل، خوجىخان ھاكىموۋ، سۇلايمان، ماجيەنگو ۋە باش كاتىپ مەھەممەت ئىسمايىل يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ شىنپىڭ خەۋىرى، فوتوسى




▲ كومىتېت ئەزالىرى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش نىزامى» نى قاراپ چىقماقتا.



▲ سۈرەتتە كومىتېت ئەزالىرى ئاۋازغا قويۇش كۇنۇپكىسى ئارقىلىق كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرىنى ماقۇللىماقتا.



▲ كومىتېت ئەزالىرى يىغىن ماقۇللىغان قارارلارنى تەبرىكلىدى.



ئىلى دەرياسى

سي ئىك فوتوسى    ەت لايىھىلىگۈچى، فوتوگراف: ۋاڭ شىنىك

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۈتاش نومۇرى CN65 - 1033/D-W    باھاسى 2.40 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58    ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433